# شنجاڭ پەلسەپە-ئجتمائي پەن
# ئلمي جەمئيەتلرى برلەشمسى خەۋرى

# 新疆社联通讯

3

1988




١. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ۋە رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىدىن بىر كۆرۈنۈش.



2. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سېكرېتارى يولداش سۇڭ خەنلياڭ نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىمەكتە.



3. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي ئەزاسى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش خۇاڭ باۋجاڭ نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلىمەكتە.

شىنجاڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى خەۋىرى

ش ئۇ ئا ر پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى تەرىپىدىن ئىشلەندى

1988 ـ يىلى 3 ـ سان    9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نەشىردىن چىقتى

## مۇندەرىجە

مەملىكەت بويىچە 4 ـ نۆۋەتلىك مىللەت نەزەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سېكرېتارى يولداش سۇڭ خەنلياڭنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ...... 1

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مۇئاۋىن سېكرېتارى يولداش جانابىلنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ...... 15

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى يولداش فېڭ داجېننىڭ «سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ۋە رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى» نى ئېچىش نۇتقى ...... 27

XXX    XXX    XXX

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى فېئودالىزم قالدۇقلىرىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا ئىزدىنىش ...... لى بىن 32

( سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى )

شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا بولغان تەسىرى ...... شيۈڭ يوڭخۇي 45

( ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى )

دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇش ھەققىدە بىر ئاز مۇلاھىزە ...... ليۇ يەنخۇ 61

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى پۇل سىياسىتى توغرىسىدا ...... گۇ شىيۇ 75

XXX XXX XXX

مەملىكەت بويىچە 4 - نۆۋەتلىك مىللەت نەزەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلدى ........................ 82
سوتسىيالىزىمنىڭ تۈۋەن باسقۇچى ۋە رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ........................ 86
سوتسىيالىزىمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى پۇل مۇئامىلىسى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاكىمە يىغىنى بولۇپ ئۆتتى ........................ 89

# مەملىكەت بويىچە 4 - نۆۋەتلىك مىللەت نەزەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

سۇڭ خەنلياڭ

(1988 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى)

مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار، يولداشلار:

مەملىكەت بويىچە 4 - نۆۋەتلىك مىللەت نەزەرىيىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بۈگۈن ئاخىرلاشتى. مەملىكەت بويىچە 20 نەچچە ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن 160 تىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس، ئالىم ۋە مىللىي خىزمەت خادىملىرى ئۈرۈمچىگە يىغىلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مىللەت نەزەرىيىسى مەسىلىسىنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىپ، نەزەرىيە ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە مىللىي خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى. بۇ، پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن مەملىكەت بويىچە مىللەت نەزەرىيىسى - ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ بىر قېتىملىق كاتتا يىغىنى ھېسابلىنىدۇ. مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن يىغىن قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، ھەرقايسى مۇتەخەسسىس، ئالىم ۋە مىللىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ يىراق كۆرمەي شىنجاڭغا كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى يەتكۈزگەنلىكلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن ۋە سىلەرگە سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئېلىمىزدىكى مىللەت نەزەرىيىسى ۋە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر پارتىيە لۇشيەنىنىڭ ۋە «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى خىزمىتىدە مىسلىسىز كۆرۈلمىگەن نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇنىڭدىن بەزى نەتىجىلەر خەلقئارا مىللەت نەزەرىيىسى ۋە ئىلىم

ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى ۋە كۈچلۈك ئىنكاسىنى قوزغىدى. بۇ نەتىجىلەر بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەر قايسىڭلارنىڭ ۋە مەملىكەت بويىچە ھەر مىللەت مۇتەخەسسىس، ئالىملىرى، مىللىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن قىلغان ئەمگەكلىرىنىڭ مېۋىسى، يېڭى دەۋردە مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىمىزدىكى قىممەتلىك بايلىق. بۇ قېتىمقى مىللەت نەزەرىيىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ بىزنىڭ شىنجاڭدا ئېچىلغانلىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى خىزمىتى ۋە مىللىي خىزمىتى ئۈچۈن زور تۈرتكە. شۇنداقلا ئۇ يەنە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت نەزەرىيە خادىملىرى ۋە مىللىي خىزمەت خادىملىرى ئۈچۈن بىر قېتىملىق ئۆگىنىش بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ھېسابلىنىدۇ. بىز شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، مەملىكەت بويىچە مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىلىرىنى ۋە مىللىي خىزمەتتىكى ياخشى تەجرىبىلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئەمەلىي خىزمەتلىرىمىزدە قوللىنىپ، مىللىي رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ئومۇمەن ئالغاندا ياخشى. «ئالتىنچى بەش يىللىق» پىلانىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغان ئاساستا، «يەتتىنچى بەش يىللىق» نىڭ ئالدىنقى ئۈچ يىلىدىمۇ بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم راۋاجلاندى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتا يېڭى قەدەم باستۇق. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمئىيەت تىنچ بولدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيدى. چېگرا مۇداپىئەسى كۈنسايىن مۇستەھكەملەندى. ھازىرقى دەۋرىمىز تارىختىكى ئەڭ ياخشى دەۋرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن داۋاملىق 11 يىل مول ھوسۇل ئېلىنىدىغانلىقىدا ئۈمىد بار. بىز كۆپ يىللاردىن بۇيان دېھقانچىلىقنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئاشلىق مەھسۇلاتىنى مۇقىم ھالدا ئاشۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئىقتىسادىي زىرائەتنى زور كۈچ بىلەن كۆپەيتتۇق. بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھاۋا كېلىماتى نورمال بولماي، تەبىئىي ئاپەت ئېغىر بولغان بولسىمۇ، مالىيە كۈچى جىددىي بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، دېھقانچىلىققا سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىپ، ئىلمىي تېرىقچىلىقنى چىڭ تۇتتۇق. ئالدىنقى يىلدا

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدە سېلىنغان مەبلەغ ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن % 44.1 ئاشتى. سۇ پەتلىك ئورۇق كۆلىمى، يەر ئۈستىنىڭ يېپىلىش كۆلىمى ۋە خىمىيۋى ئوغۇتنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى زور نىسبەتتە كۆپەيدى. شۇڭلاشقا، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۇدا ئون يىل مول ھوسۇل ئېلىنغان ياخشى ۋەزىيەت ساقلاپ قېلىندى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. ھازىرقى مۆلچەردىن قارىغاندا، يازلىق ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنىپ بولدى؛ كۈزلۈك ئاشلىق زىرائەتنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىمۇ ياخشى، ئەگەر، پەۋقۇلئاددە زور تەبىئىي ئاپەت بولمىسا، ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ داۋاملىق ئاشىدىغانلىقىدا ئىشەنچ بار. پاختا، ياغلىق دان، قىزىلچا، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە قاتارلىق ئاساسلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىمۇ نىسبەتەن ياخشى. چارۋىچىلىقتا بۇ يىل ھۆل - يېغىن كۆپ بولۇپ، ئوت - چۆپلەر ياخشى بولغاچقا، مەھسۇلاتنىڭ ئاشىدىغانلىقى تەيىن تاپتى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نەق بار چارۋا سانى 39 مىليون 402 مىڭ 900 تۇياققا يېتىپ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن % 4.1 كۆپەيدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ، ئاشلىق، پاختا، ياغ، شېكەر، چارۋا مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۆزىمىزنى تەمىنلەپ ئېشىنغانلىرىمىز ئۈچۈن، سىرتقا يۆتكەلگەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى.

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى داۋاملىق، مۇقىم، يۇقىرى سۈرئەتتە راۋاجلاندى. بىز شىنجاڭنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە تەبىئىي بايلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئۈچتە يۇقىرى»، يەنى پايدىسى يۇقىرى، باج كىرىمى يۇقىرى، تاشقى پېرېۋوت يارىتىشى يۇقىرى سانائەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تىرىشىپ ئۆستۈردۇق. بۇ يىل 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمئى ئورۇنلانغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ قىممىتى 5 مىليارد 576 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن % 16.9 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە % 17.1 ئاشىدۇ دېيىلگەن مۆلچەر سۈرئەتكە يېقىنلاشتى. بۇ يىلقى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەر بولدى: بىرىنچى، يېنىك سانائەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئېغىر سانائەتنىڭكىدىن يۇقىرى، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتىكى سانائەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئومۇم خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى سانائەتنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى. ئىككىنچىسى، ئېھتىياجغا لايىق، بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلار زور نىسبەتتە كۆپەيتىلدى. مەسىلەن، توقۇلما بۇيۇملىرى، شې-

كەر، تۇز، پىۋا، ئالىيۇمىن قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئېشىش نىسبىتى 20 % تىن يۇقىرى بولدى. ئۈچىنچىسى، ئىسمىتىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستى. 1 - ئايدىن 7 - ئايغىچە ئىسمىتىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى، سېتىش كىرىمى ۋە ئورۇنلىغان پايدا- بېجىنى ئوخشاش قەدەمدە ئاشۇرۇش باشتىن - ئاخىر ساقلاپ قېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەلگىلىك مىقداردىكى كۆچمە مەبلەغنىڭ ئوبوروت قىلىنىش كۈن سانى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 23 كۈن تېزلەشتى؛ زىيان تارت- قۇچى كارخانىلار سانى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى 20 سى ئازايدى. زىيان سوممىسى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 17.88 % تۆۋەنلىدى؛ ھەر يۈز يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى بويىچە پايدا سوممىسى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 28.9 % ئاشتى؛ ھەر يۈز يۈەنلىك سېتىش كىرىمىنىڭ پايدا - باج سوممىسى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 13.17% ئاشتى.

ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تاۋار ئايلانمىسى يەنىمۇ كېڭەيدى، شەھەر، يېزا بازارلىرى كۈندىن - كۈنگە ئاۋات- لىشىپ جانلاندى. 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلغان ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليارد 990 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 21.6 % ئاشتى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاشقى سودا زور نىسبەتتە كۆپەيدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېكس- پورت سوممىسى 169 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 2.49 % ئاشتى؛ ئىمپورت قىلىنغان مال سوممىسى 54 مىليون 750 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 44 % ئاشتى. بولۇپمۇ يەرلىك تاشقى سودا، خۇسۇسەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان يەرلىك سودىدا يۈزلىنىش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشىلدى. ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن 150 مىليون شىۋېتسارىيە فرانكى قىممىتىدىكى ئىمپورت - ئېكسپورت توختىمى ئىمزالاندى. مۆلچەرىمىزچە، بۇ يىل 200 مىليون شىۋېتسارىيە فرانكى قىممىتىدە ئىمپورت - ئېكسپورت توختىمى ئىمزالىنىشى مۇمكىن. بۇلتۇر پۈتۈن يىلنىڭ ئاران 20 مىليوندىن ئارتۇق شىۋېتسارىيە فرانكى بولغان.

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېشىشى، تاۋار ئايلىنىشىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، مالىيە كىرىمى زور نىسبەتتە كۆپەيدى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى 7 ئېيىدا، ئاپتونوم رايونىمى- زنىڭ مالىيە كىرىمى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 20.1 % ئېشىپ،

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 16.9 % ئېشىش سۈرئىتىدىن يۇقىرى بولدى.

ئىقتىسادنىڭ مۇقىم ئېشىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش قەدىمى تېزلەشتى. شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھاتى جەھەتتە، بىرىنچىدىن كارخانا ئىگىلىكىدە ماشىنا بىلەن ئىشلەش جەھەتتىكى ئىسلاھات چىڭ تۇتۇلۇپ، ئىگىلىكنى ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى كۈچلۈك يولغا قويۇلدى. 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قوشۇلۇپ، ئىسمىتىدىكى كارخانىلاردىن ئىگىلىكنى ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغىنى 72.5 % نى تەشكىل قىلىدۇ، بۇنىڭدىن چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىدىن ھۆددىگە ئېلىنغىنى 83.7 % كە يېتىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىسلاھ قىلىش بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشكە باشتىن - ئاخىر ئەھمىيەت بېرىلدى. ئاساسلىقى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە «ئۈچتە يۇقىرى» مەھسۇلاتنى كۆپەيتىشنى چۆرىدەپ ئىش كۆرۈلدى. بۇ يىلنىڭ دەسلەپىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز پۈتۈن رايون خاراكتېرىدىن تۈزچىلىق، توقۇمىچىلىق، شېكەرچىلىك سانائىتىدىن ئىبارەت ئۈستۈنلۈككە ئۈچ سانائەت بويىچە ئېچىش شىركەتلىرىنى قۇرۇپ، بۇ ئۈستۈنلۈككە ئىگە تەبىئىي بايلىقلارنى پۈتۈنلەي يېڭى ماشىنىلار بىلەن ئېچىپ پايدىلىنىشقا كىرىشكەنتى. يېقىندا، رايونىمىزنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى دۆلەتلىك تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ غەربىي رايونلارنى ئېچىشنى تەتقىق قىلىش مەركىزىدىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا مەبلەغ توپلاش ھەسسىدارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش مەسىلىسى، كارخانىلار كۆلىمىنىڭ ئۈنۈمى مەسىلىسى، بىنام يەرلەرنى ئېچىش مەسىلىسى، ئېچىش مەسىلىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىپ ئېغىز ئېچىش مەسىلىسى ئۈستىدە چوڭقۇر - ئىنچىكە تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ باردى ۋە ئىشلەشكە بولىدىغان لايىھىلەر دەسلەپكى قەدەمدە ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لايىھىلەرنىڭ قەدەممۇ - قەدەم مۇكەممەللىشىشى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتى چوقۇم يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ.

سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەڭ زور ھاسىلات سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان ئېچىۋېتىشتا خۇشاللىنارلىق قەدەم تاشلاندى. بۇ يىل 5 - ئايدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى تاشكەنتكە بىر ئىقتىسادىي سودا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، ئەۋرىشكىنى كۆرۈپ مال زاكاز قىلىش كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، زور

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. يېقىندا، بىز يەنە داۋاملىق ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقى
قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي - سودا ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە قازا-
قىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي - سودا ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدۇق،
ئۇلار بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارىي قىل-
دۇرۇشقا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئالغا سۈرۈشكە تازا پايدىلىق ئىقتىسادىي -
تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرى جەھەتتە بىر تۈركۈم كېلىشىم ۋە خاھىش خاراكتېرلىك
كېلىشىم ئىمزالىدۇق. يېقىن ئارىدا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان
جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي - سودا ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە موسكۋا سوۋېت شەرق
سودا شىركىتى، رۇس فېدېراتىۋ جۇمھۇرىيىتى تاشقى سودا شىركىتىنىڭ ۋەكىللەر
ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋالىمىز؛ 9 - ئاينىڭ ئاخىرى ۋە 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا، بىز يەنە
سوۋېت ئىتتىپاقى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى دۈشەنبە شەھىرى-
گە بېرىپ ئىقتىسادىي - سودا كېڭىشى ئۆتكۈزمەكچىمىز. بۇ كېڭەش ئاخىرلاشقاندا،
يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاپتونوم رايونى-
مىزنىڭ ئىلىغا تۇتىشىدىغان تالدى قورغان ئوبلاستىغا بېرىپ داۋاملىق ئىقتىسادىي
سودا كېڭىشى ئۆتكۈزىمىز. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بۇ كېڭىشىش پائالىيەتلىرى ئارقى-
لىق، ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا سودىسى ۋە ئىقتىسادىي-
تېخنىكا ھەمكارلىقى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، بۇنىڭ ئىستىقبالى ياخشى.

دەرۋەقە، بىز شۇنىمۇ نەزەرگە ئېلىشىمىز لازىمكى، بىز يەنە نۇرغۇن قىيىنچى-
لىقلارغا دۇچ كەلمەكتىمىز. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، ئاپتونوم رايونىمىز دۆلەتنىڭ
مالىيە ياردىمىگە تايىنىدىغان رايون بولۇپ، مالىيە كۈچى جەھەتتە داۋاملىق
جىددىي ھالەتتە كېلىۋاتتى. ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ، دۆلەت مالىيە چىقىمىنى
ئازايتىش جەھەتتە بىر قاتار تەدبىر قوللانغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئاپتونوم رايونى-
مىزنىڭ مالىيە كۈچىنى ئىككى 10% كېمەيتىۋەتتى. يەنى مالىيە چىقىمىنىڭ 10%تىنى
ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز ئېلىپ كەتتى؛ داۋاملىق كۆپەيتىپ بېرىدىغان 10% ياردەم-
نى ئەمەلدىن قالدۇرىۋەتتى. مۇشۇنداق بولغاندا «يەتتىنچى بەش يىللىق»
نىڭ كېيىنكى تۆت يىلىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيە كۈچى «يەتتىنچى بەش
يىللىق» پىلانىدىكىدىن 2 مىليارت 100 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئازىيىپ كېتىدۇ،
بۇ، ئاپتونوم رايونىمىز «يەتتىنچى بەش يىللىق» مەزگىلىدە پىلان بويىچە ئورۇن-
لاشتۇرغان ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلىدىغان پۇلدىنمۇ ئارتۇق. بۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا، مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىل
جەريانىدا بىز يەنە پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاش مال باھاسى ۋە ئىش ھەققى

ئىسلاھاتنى ئېلىپ بارىمىز، بۇ ئىسلاھات ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيىسىنى تېخىمۇ ئېغىرچىلىققا ئۇچرىتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، مال باھاسى، ئىش ھەققى ئۆزگەرگەندىن كېيىن ئىلگىرى چىقىمدا باراۋەرلىكنى ساقلايدىغان بولساقمۇ، مىللىي رايون بىلەن ئالدىنقى قاتاردىكى رايونلارنىڭ مالىيە ئەھۋالى جەھەتتىكى پەرقىنى زورايتىدۇ. ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان، مالىيە كىرىمى چىقىمىدىن ئارتۇق جايلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، مال باھاسى، ئىش ھەققى ئىسلاھاتى ئارقىلىق كىرىمنىڭ كۆپىيىش ئاملى چىقىمنىڭ كۆپىيىش ئاملىدىن ئارتۇق بولۇپ، مالىيە ئەھۋالى تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ. لېكىن ئىقتىسادى قالاق، مالىيە چىقىمى كىرىمىدىن ئارتۇق، مەركەزدىن بەلگىلىك مىقداردا ياردەم بېرىلىدىغان ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلاردا، مال باھاسى، ئىش ھەققى ئىسلاھاتى ئارقىلىق كىرىمنىڭ كۆپىيىش ئاملى چىقىمنىڭ كۆپىيىش ئاملىدىن ئاز بولۇپ، مالىيە كىرىم - چىقىمى جەھەتتىكى پەرق ئىلگىرىكىدىن زورىيىپ كېتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز شىنجاڭنى ئالساق، مالىيە جەھەتتە ئۆز ئۆزىنى تەمىن ئېتىشى بەك تۆۋەن بولۇپ، يەرلىك مالىيە كىرىمى پۈتۈن چىقىمنىڭ ئاران ئۈچتىن بىرقىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئۇچۇن دۆلەتنىڭ ياردىمىگە تايىنىدۇ، كۆپەيتىلگەن كىرىمنىڭ مىقدارى كۆپەيتىلگەن چىقىمنىڭ مىقدارىدىن زور دەرىجىدە ئاز بولۇپ، كىرىم - چىقىم جەھەتتىكى پەرق بارغانسېرى زورىيىپ بارىدۇ. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا دۇچ كېلىدىغان زور تېما بولۇپ قالىدۇ. بىز مالىيە كۈچى جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ داۋاملىق بەزى سىياسەتلەرنى بېرىشىنى قولغا كەلتۈرگەندىن تاشقىرى، ئەڭ تۈپ چىقىش يولىمىز يەنىلا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز كېرەك. بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىللىق ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىمىز كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيە كۈچىنى ئاشۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ باھانى ئۆستۈرۈش ئامىللىرىنى ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرەلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز يەنە تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى ئۈنۈملۈك ھالدا چىڭ تۇتىشىمىز لازىم.

2. بىرىنچى، دېھقانچىلىقنى چوڭقۇر راۋاجلاندۇرۇش. بىرىنچىدىن، سانائەت قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ تەڭشەپ، ئاشلىقتا ئۆزىمىزنى تەمىنلەپ ئېشىنىش شەرتى ئاستىدا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئالاھىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە پاختا، قىزىلچا، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتنى زور كۈچ بىلەن كۆپەيتىش كېرەك. پاختا ۋە قىزىلچىنى كۆپەيتىشتە ئاساسلىقى، تېرىلغۇ يەر مەسىلە-

سىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، بىز بوز ئېچىپ ۋە تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرلەرنى ئۆزگەرتىپ، پاختا، قىزىلچىنىڭ كۆپەيتىلىشىنى ئىشەنچىلىك كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتمەكچىمىز. رايونىمىز بويىچە پىلانىمىزدا بۇ يىلدىن باشلاپ 1995 - يىلغىچە، ھەر يىلى بىر مىليون مو بوز ئېچىپ، بىر مىليون مو تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرنى ئۆزگەرتىپ، ئىككى سەككىز مىليوننى قەدەممۇ - قەدەم ئىشقا ئاشۇرماقچى ھەم بۇ ئىككى سەككىز مىليون مو يەرنىڭ ھەممىسىنى پاختا، قىزىلچا تېرىلغۇسىنى كۆپەيتىشكە ئىشلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قەدەممۇ - قەدەم مەملىكەت بويىچە پاختا، شېكەر ئىشلەپچىقىرىدىغان مۇھىم بازىلاردىن بىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقماقچىمىز. ئىككىنچىدىن، ئىلمىي تېرىقچىلىق جەھەتتە راسا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك. بۇ جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچ زور. مەسىلەن، قىزىلچىنى ئالساق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى ئاران 1.5 تونىنا بولۇپ، ياپونىيىنىڭ بېيخەيداۋدا بىزنىڭكىدىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇق يۇقىرى ھوسۇل ئالىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈشتىن تېرىش، يىغىۋېلىشقىچە تامامەن پەن - تېخنىكىغا تايىنىدىكەن. ھەممە جەھەتتە بىر يۈرۈش ئىلغار ئىلمىي ئۇسۇل بارىكەن. ئەگەر بىز مۇشۇ جەھەتتە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ تىرىشمىدىغانلا بولساق، دېھقانچىلىقنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى زور نىسبەتتە ئۆستۈرەلەيمىز. ئۈچىنچىدىن، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى چوڭقۇر پىششىقلاپ ئىشلەشنى چۆرىدىگەن ھالدا، يېزا - بازار كارخانىسىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ناھىيە دەرىجىلىك مالىيىنىڭ ئۆز ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش لازىم.

ئىككىنچى، يۇقىرى دەرىجىدىكى «ئۈچتە يۇقىرى» سانائەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنا چىڭ تۇرۇش. بۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ توقۇمىچىلىق قاتارلىق سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى كېڭەيتىشنى قوغلىشىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. دىققىتىمىزنى چوقۇم ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئاساسلىق يولى سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە توغرا يۆنىلىشلىك ئىقتىسادىي بىرلەشمىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى داڭدار زاۋۇت - كارخانىچىلار بىلەن «تۇغقان - دوس - يار دەم بولۇشۇپ» ئىچكى تاشقى بازارلاردا رىقابەت كۈچىگە ئىگە يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئۈزلۈكسىز ئېچىپ - كۆپەيتىپ، مۇشۇنداق سانائەتلەرنى پەيدىنپەي ھەقىقىي تۈردە ئاپتونوم رايونىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ تۈۋرۈك سانائىتى قىلىش.

ئۈچىنچى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چېگرا سىرىدىسىنى ۋە چەتئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش. بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان يەرلىك سودىنى ۋە ئىقتىسادىي - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم. بۇ جەھەتتە پايدىلىق شەرتلەر كۆپ. بىرىنچىدىن، ئاپتونوم رايونىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەش ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، قاتناش - ترانسپورت قولايلىق. ئىككىنچىدىن، ئىككى تەرەپنىڭ سانائەت قۇرۇلمىسى ھەمكارلىشىش - ئالماشتۇرۇشقا پايدىلىق. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېغىر سانائىتى، مەسىلەن، پولات - تۆمۈر، ئېنېرگىيە، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، خام ماتېرىيال ۋە قاتناش - ترانسپورتى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، يېنىك - توقۇمىچىلىق سانائەت مەھسۇلاتى نىسپىي ھالدا كامراق؛ ئاپتونوم رايونىمىزنى ئالساق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېنىك - توقۇمىچىلىق، يېمەكلىكلەر سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى تېزراق بولۇپ، يېنىك - توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ مەھسۇلاتى بىر قەدەر مول بولسىمۇ، ئېنېرگىيە، پولات تۆمۈر، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، خام ماتېرىيال ۋە قاتناش ترانسپورتى نىسبەتەن ناچار. جۇملىدىن ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېتىشسىزلىكلەردىن خالىي بولۇپ، ئۆز ئارا بىر - بىرىنى تولۇقلىسا، ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئوخشاشلا پايدىلىق. ھەمكارلىشىش ئىستىقبالى بىر قەدەر كەڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۇ جەھەتتە كۆپراق ئىش كۆرۈشىمىز لازىم.

تۆتىنچى، شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە خاس ئۈستۈنلىككە ئىگە زامانىۋى سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئۈستۈنلىككە ئىگە زامانىۋى سانائىتىدىن ھازىر بىر قەدەر جايىدا دەپ قارالغىنى نېفىت - خىمىيە سانائىتى ۋە رەڭلىك مېتال سانائىتى، لېكىن بۇ ئىككى سانائەتكە كۆپ مەبلەغ كېتىدۇ، يالغۇز ئاپتونوم رايوننىڭ كۈچىگە تايانغاندا ئۇنىڭغا يېتىشمەيدۇ. شۇڭا بىز ئۆزىمىزنىڭ مول بايلىقىمىزغا ۋە ئېتىبارلىق سىياسەتكە تايىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن مەركەزنىڭ كارخانىلىرىنىڭ تۇغرا يۆلىنىشلىك بىرلەشمىسىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، مەركەزنىڭ كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى بەزى ئاساسلىق ئەسلىھەلىرى ۋە ھازىر بار ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ، يەرلىك ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا خىزمەت قىلدۇرماقچىمىز. نېفىت - خىمىيە سانائىتى باش شىركىتى بىلەن بىرلىشىش ئىشىمىز باشلاندى، يېقىندا يەنە نېفىت مىنىستىرلىكى بىلەن بىرلىشىپ 115 مىڭ توننىلىق ئېتىلېن قۇرۇلۇشىنى قىلماقچىمىز، ھازىر ئۇنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك نەزەرىيىۋى دەلىلەش، ئورۇن تاللاش قاتارلىق

تەييارلىق خىزمەتلىرى جىددىي ئىشلىنىۋاتىدۇ. رەڭلىك مېتال سانائىتى جەھەتتە، بىزنىڭ رەڭلىك مېتال باش شىركىتى بىلەن بىرلىشىشىمىزدە ياخشى باشلىنىش بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن بىز يەنە توك سەرپىياتى زور بولغان بەزى رەڭلىك مېتال سانائىتى تۈرلىرىنى يولغا قويماقچىمىز.

بەشىنچى، شىنجاڭنىڭ مول يەر ئاستى بايلىقىنى ئالدىن ئېچىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مول يەر ئاستى بايلىقىنى چارلاش، ئېچىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بىر قاتار ئېتىبارلىق سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى تارماقلار، ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ گېئولوگىيە قوشۇنلىرىنى ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ كان تېپىشقا جەلپ قىلماقچىمىز. كان تاپسا ۋە ئۇنىڭ زاپاس مىقدارىنى ئېنىقلاپ چىقسىلا، قايسى گېئولوگىيە ئەترىتى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوخشاشلا ھەقلىق ئۆتنىپ بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، زاپاس مىقدارى ئېنىقلانغان ۋە ئېچىش قىممىتى بولغان بايلىقلارنى ئېچىشتا، پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلىنىپ خېرىدار چاقىرىپ، مەملىكەت بويىچە كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش تارماقلىرىنىڭ كېلىپ ئېچىشىنى قارشى ئالىمىز، سىياسەت جەھەتتىمۇ ئېتىبار بېرىمىز. بۇ تەدبىرلەرنى قوللانغاندا، شىنجاڭنىڭ كان بايلىقىنى ئېچىش، پايدىلىنىش قەدىمىنى زور دەرىجىدە تېزلەتكىلى بولىدۇ. كان بايلىقلىرىمىز ئېچىلغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيە كىرىمىنى كۆپەيتىش مۇمكىن بولۇپلا قالماستىن، يەنە باشقا بىر قاتار سانائەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، بىزنىڭچە، قىيىنچىلىق ئاز ئەمەس، يوشۇرۇن كۈچ زور، ئىستىقبالىمىز ياخشى. يۆنىلىشىمىز توغرا بولسىلا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتە ئۈمىت بار.

شىنجاڭ ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي. ئازادلىقتىن كېيىنكى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى شىنجاڭنى قوغداش، شىنجاڭنى ئېچىش-گۈللەندۈرۈش كۈرەشلىرىدە، خۇشاللىقتىمۇ، قايغۇدىمۇ بىللە بولۇشتەك قېرىنداشلارچە دوستلۇق ئورناتتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىمىز، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار شۇنى قەتئىي تونۇپ يەتتىكى، شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ۋەزىيەت. بارلىق خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى بولمىغاندا، ھەممە ئىشىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي

كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان. بولۇپمۇ 1981 - يىلى يولداش ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنى توغرا ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھەممە خىزمەتنىڭ ئالدىغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سىياسى جەھەتتىن تىنچ - ئىتتىپاق بولغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيگەن، ئىقتىساد مۇقىم راۋاجلانغان يېڭى ۋەزىيەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. 1982 - يىلى 11 - ئايدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تۇنجى قېتىملىق تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرى ئەستايىدىل يەكۈنلەندى، يىغىندا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەر تەقدىرلەندى. بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تۇنجى قېتىملىق تەقدىرلەش يىغىنىدىن بۇيان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان يېڭى ۋەزىيەتتە، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مىللىي رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئەمەلىي ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاشۇردۇق. بولۇپمۇ تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى قوللىنىپ، ئۇيغۇر، قىرغىزلار مەركەزلەشكەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت - ئوبلاستنىڭ ۋە قازاقلار مەركەزلەشكەن شىمالىي شىنجاڭدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، بۇ جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تېزراق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بەردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇتتۇق. ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئالىي مەكتەپ - تېخنىكۇملاردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 29 مىڭ 800 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 16 مىڭ 900. ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن زور بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار ۋە پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى تايانچ كۈچ بولۇپ قالدى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ھەر قايسى تارماقلار پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ، خۇلاسە قىلىپ،

مەسىلىلەرنى تېپىپ، ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىپ تۇردى. 1983 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ كېلىۋاتقىنىمىزغا ئالتە يىل بولدى. مۇشۇ ئاساستا بىز يەنە بۇلتۇر 11 ـ ئايدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 2 ـ قېتىملىق تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتۇق. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىككى ناھىيىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئۈلگار ـ نەمۇنىچى دېگەن نام بېرىلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 140 ئۈلگار كوللېكتىپ، 271 ئۈلگار شەخس ۋۇجۇتقا كەلدى. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامما ئاڭلىق ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتتى، ئىككى ئايرىلماسلىق ئىدىيىسى كىشىلەرنى قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۈلگارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كەڭ، چوڭقۇر ھالدا يەتكۈزۈپ ئىزچىللاشتۇردى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ھەر مىللەت كادىرلىرىنى تەشكىللەپ يولداش جاۋزىياڭنىڭ ۋە يولداش چېن جۈنشېڭنىڭ مۇھىم سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ھەم ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يېڭى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، مىللەتلەر خىزمىتى بويىچە يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى.

شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدە بەزى نەتىجىلەرگە ئېرىشەلىگەنلىكىمىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىز بويىچە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەزىيىتىنى ياخشى، لېكىن يەنە تىنچ بولمىغان بىرمۇنچە ئامىللارمۇ مەۋجۇت. مىللىي مەسىلە كۆپىنچە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە دىن قاتارلىق مەسىلىلەر بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە تاۋا ئىكىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بەزى يېڭى سۈركىلىش ۋە زىددىيەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن خالىي بولۇش مۇمكىن ئەمەس. بۇ سۈركىلىش ۋە زىددىيەتلەرنىڭ ھەر خىل شەكىلدە مىللىي مەسىلىدە ئەكس ئېتىشىمۇ مۇقەررەر. بۇنىڭدىن باشقا، مىللىي مەسىلىدىكى بەزى خاتا نۇقتىئىنەزەر، خاتا ئىدىيەلەرنىڭمۇ پۈتۈنلەي تۈگەپ

كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. بولۇپمۇ مەملىكىتىمىز سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەر تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن سىڭىپ كىرىش ۋە بۇزغۇنچىلىقلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بارىدۇ. مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى يامان ئادەملەر مەملىكىتىمىز سىرتىدىكى بۆلگۈنچى ئەكسىيەتچىلەر بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى ۋەزىيەتتە بىز دۇچ كېلىدىغان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە، يېڭى ھەركەت بولۇپ، بىزنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە دىققەت - ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى لازىم. بىر ياقىلىق قىلىشىمىز مۇۋاپىق بولمىسا، بۇنداق ياكى ئۇنداق زىياننى كەلتۈرۈپ چىقىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت ئامانلىقىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىشى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشقا ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزغا تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن.

مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۇزۇن مۇددەتلىك ئېغىر ۋەزىپە. دۆلىتىمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت مۇھىم تارىخىي دەۋردە تۇرۇۋاتىدۇ. يولداش جاۋزىياڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا «بۇ يېڭى تارىخىي دەۋردە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بولسۇن، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى بولسۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە بولسۇن، ئوخشاشلا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي ئېقىم ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتتىن ئايرىلالمايدۇ. پۈتكۈل دۆلەت ئىسلاھات قىلمىسا، ئىشىكنى ئېچىۋەتمىسە، چىقىش يولى بولمايدۇ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئىسلاھات قىلمىسا، ئىشىكنى ئېچىۋەتمىسە، ئوخشاشلا چىقىش يولى بولمايدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت باش فاكتېر، باش سىياسەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مىللىي خىزمەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگىچە ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم» دەپ كۆرسەتتى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى بىزدىن سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا مىللىي مەسىلىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە، يېڭى ئالاھىدىلىكنى تولۇق چۈشىنىپ، يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ سىياسەت - چارىلىرىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز 30 نەچچە يىلدىن بۇيان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللىي خىزمەتتە مول تەجرىبە توپلىدۇق، بۇ ياخشى تەجرىبىلەرنى داۋاملىق يەكۈنلىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى دەۋردە مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ يېڭى يولى، يېڭى تەجرىبىلىرىنى پائال يەكۈنلىشىمىز ۋە بۇ جەھەتتە ئىزدىنىشىمىز لازىم. يولداش جاۋزىياڭنىڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزىنى قىبلىنامە قىلىپ، جامائەتچىلىك تەشۋىقاتى، ھەرىكەت مىزانى، تۈزۈم قۇرۇلۇشى، سىياسەت تۈزۈش، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تىنىچ - ئىتتىپاقلىقنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا يەنىمۇ كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم. كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى توغرىسىدىكى تەربىيىنى كەڭ چوڭقۇر ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆپچىلىكنى ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق سۆز - ھەرىكەتلەرنى ئاڭلىق ھالدا چەكلەيدىغان قىلىشىمىز لازىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش غەرىزىدە بولغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان مۇتەخەسسىس، ئالىملار ۋە مىللىي خىزمەت خادىملىرى مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى جەھەتتە نىسبەتەن يۇقىرى بىلىمگە، مىللىي خىزمەت جەھەتتە مول تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ، ھەممىلەت مىللەت نەزەرىيىسىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت يۈكسەك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، يولداشلارنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى، ئىلمىي تەتقىقات جەھەتلەردە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىگە سەمىمىي تىلەكداشمەن. شۇنداقلا كۆپچىلىكنىڭ شىنجاڭنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى خىزمىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن. بۇ قېتىم، بەش مىللىي ئاپتونوم رايوندىكى يولداشلار كەلدى. بەش ئاپتونوم رايوننىڭ ئەزەلدىن زىچ ئالاقىمىز ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىمىز بار. بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىكىدە، تېخىمۇ زىچ ھەمكارلىشىپ، مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ۋە مىللىي خىزمەت جەھەتتە ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئۆز ئارا ياردەملىشىپ، ئارتۇقچىلىقلىرىمىزنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكىمىزنى تولۇقلاپ، بىرلىكتە ئالغا بېسىپ، مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىش - ئالغا بېسىش ئىشلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىمىزنى قوشايلى. ئاخىرىدا يولداشلارنىڭ شىنجاڭدىكى تۇرمۇشىغا خۇشال - خۇراملىق، تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمەن.

كۆپچىلىككە رەھمەت

تەرجىمە قىلغۇچى: روزى تۇردى

# سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

جانابىل

يولداشلار :

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسىنىڭ ئورتاق رىياسەتچىلىكىدە چاقىرىلغان سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ۵ كۈن داۋام قىلىپ، بۈگۈن يېپىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. يىغىن ۋاقتى قىسقا بولغان بولسىمۇ، ناھايىتى ياخشى ئېچىلدى. يولداش فىلىڭ داجېن ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى، يولداش سۇڭ خەنلياڭ، يولداش خۇاڭ باۋجاڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھىم سۆز قىلدى. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئىككى مۇتەخەسسىس شىنجاڭ بايلىقلىرىنى ئۇنۇۋېرسال تەكشۈرۈش ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا نىسبەتەن قىممەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. كۆپچىلىك سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسى ئۈستىدە، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىنى قايتا تونۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋەمىللەت، دىن، بىرلىكسەپ، قانۇن، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت جۈملىدىن ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمىنى قانات يايدۇردى، نۇرغۇن ياخشى پىكىر ۋە تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىغا ئەرزىيدۇ.

بۇ قېتىمقى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىدا 300 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇپ ئېلىندى، يىغىن ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، 10 نەچچە مۇتەخەسسىس ۋە ئالىم مەخسۇس ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ماقالىلەر ئەستايىدىل باھالاپ تەكشۈرۈلۈپ، يىغىندا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن 140 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە تاللاپ چىقىلدى. يىغىنغا قاتناشقان 18 ۋەكىل گۇرۇپپا مۇزاكىرىسى ۋە چوڭ يىغىندا سۆزلەش ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى تولۇق ئالماشتۇردى. جانلىق، ئېتىك بولۇش، كەڭ - كۇشادە سۆزلەش، كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىق پىكىرلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئالدىن كۆزلەنگەن مەقسەتكە يېتىلدى. نۇرغۇن يولداشلار مۇنداق دەپ قارىدى: بۇ قېتىمقى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى، پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيى ۋە 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدا 13 - قۇرۇلتاي روھىنى داۋاملىق چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇۋاتقان، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆگىنىپ ۋە بۇ جەھەتتە ئىزدىنىپ دۆلەت ئەھۋالىنى، رايون ئەھۋالىنى، دۇنيانى، تارىخنى، نەزەرىيىنى يېگىباشتىن تونۇۋاتقان بىر قېتىملىق مۇھىم نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى بولدى، شۇنىڭدەك ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە قانات يايدۇرۇشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولدى. مەن بۇ قاراشقا قوشۇلىمەن. تۆۋەندە، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە قانات يايدۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى قايتا تونۇش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھات نەزەرىيە تەتقىقاتىنى گۈللەندۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆزەمنىڭ قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن، ناتوغرا جايلىرى بولسا، كۆپچىلىكنىڭ پىكىر بېرىپ، تەنقىد قىلىپ، تۈزىتىپ قويۇشىنى قارشى ئالىمەن.

### 1. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە قانات يايدۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا

يولداش جاۋزىياڭ 13 - قۇرۇلتايدىكى دوكلاتىدا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسىنى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتىن چوڭقۇر، ئەتراپلىق بايان قىلىپ، بىزنىڭ ئىسلاھاتنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز ئۈچۈن پۇختا نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىپ بەردى. ئۇ مۇنداق

دەپ كۆرسەتتى: «جەمئىيىتىمىز ھازىر تۇرۇۋاتقان تارىخىي باسقۇچنى توغرا تونۇش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، توغرا لۇشيەن ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈشىمىز ۋە ئىجرا قىلىشىمىزدىكى تۈپ ئاساس.» دۆلىتىمىزدىكى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە قانات يايدۇرۇشنى يولداش جاۋزىياڭ ئوتتۇرىغا قويغان. 13 - قۇرۇلتاي ئېچىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇ مۇنداق دېدى: 13 - قۇرۇلتايدا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسى بايان قىلىندى، 13 - قۇرۇلتايدىن كېيىن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىنكاسلار بىر قەدەر ياخشى بولدى. لېكىن، بۇ نەزەرىيە ئۈستىدىكى تەتقىقات ئەمدىلا باشلاندى، ئۇنى يەنە چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يەنە داۋاملاشتۇرۇش، بەلكى خېلى ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىپ داۋاملاشتۇرۇش، نۇرغۇن جەھەتلەردىن تەتقىق قىلىش لازىم. بۇ تەلەپتىن قارىغاندا، بۇ قېتىمقى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى باشلاپ بەرگەن يىغىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ھازىر بىزنىڭ بۇ باسقۇچنىڭ ئەھۋالى، ئۇنىڭدىكى زىددىيەت، ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىشى ۋە قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى تونۇشىمىز، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، بىرلىكسەپ، مىللەت، دىن قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىلىشىمىز تېخى كۆپ ئەمەس، چوڭقۇر ئەمەس، ئۇنى يەنە داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم. بۇ مۇشەققەتلىك ۋەزىپە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزدىكى زور مەسىلىگە ئايلانماقتا.

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت يېتەكچى فاڭجېنىغا ئەمەل قىلىش كېرەك. دۆلىتىمىزدە قۇرۇلىدىغان سوتسىيالىزم ماركس پەرەز قىلغىنىدەك تەرەققىي تاپقان كاپىتالىزم ئاساسىدا قۇرۇلغان سوتسىيالىزم ئەمەس، باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭكىگىمۇ ئوخشىمايدۇ؛ شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ مىللىي رايوندا قانداق قىلىپ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سوتسىيالىزم قۇرۇش، مىللىي رايوننىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان يېڭى تۈزۈلمىنى يارىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش — بىز دۇچ كېلىۋاتقان مۇھىم مەسىلە. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىتابىتىكىنى ئاساس قىلىش، ماركس - ئېنگېلسلارنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىدىن جاۋاب ئىزلەش ئاقمايدۇ، چەت ئەلنى دوراپ، باشقا ئەللەرنىڭ ئەندىزىسىنى كۆچۈرۈپ ئىشلىتىشمۇ ئاقمايدۇ، ئىچكى

جايلارنىڭ ئۇسۇللىرىنى پۈتۈنلەي كۆچۈرۈپ كېلىشمۇ ئاقمايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ، شىنـ
جاڭنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭـ
گونىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش،
ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، ئەمەلىيەتنى ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىن بىر
ئۆلچىمى قىلىشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىدىكى قاتماللىق
ۋە كونا تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى، كونا پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى تۈگىتىپ، ئەمەلىيەت
داۋامىدا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە قۇرۇلۇش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبىـ
لىرىمىزنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ئىلمىي ئاساستا خۇلاسىلىشىمىز ھەمدە نەزەـ
رىيە جەھەتتىن يىغىنچاقلاپ ۋە ئۆستۈرۈپ، دەسلەپكى باسقۇچ نەزەرىيىسىنى چوڭـ
قۇرلاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ يېتەكـ
چىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشىمىز لازىم. قىسقىسى
سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسىنى داۋاملىق چوڭقۇر ئۆگىنىشىمىز،
بۇ نەزەرىيىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز ۋە قانات يايدۇرۇشىمىز
لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساـ
سىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئاڭلىقلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، مەملىكىتىمىزنى باي،
قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ
چىقالايمىز.

## 2. شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى قايتا تونۇش مەسىلىسى توغرىسىدا

دۆلىتىمىزدىكى سوتسىيالىزمنى قايتا تونۇش — 13 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا
پۈتۈن پارتىيە ئالدىغا قويۇلغان بىر مۇھىم ۋەزىپە. شۇنداقلا دەسلەپكى باسقۇچ
نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ ئىگىلەشكە تېگىشلىك ئاساسىي ھالقا.
بۇ ئاساسىي ھالقىنى چۆرىدىگەن ھالدا دۆلەت ئەھۋالى، رايون ئەھۋالىنى قايتا تونۇـ
شىمىز لازىم. بۇ، ئاساسىي كەۋدە. شۇنداقلا بىزنىڭ بارلىق مەسىلىلەرنى ئويلىنىشىمىز
ۋە ھەل قىلىشىمىزدىكى، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى بەلگىلىشىمىزدىكى ئاساسىي چىقىش
نۇقتىمىز.

شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى تونۇش توغرىسىدا، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىلا
سابىق چ ك پ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى تەتقىقات ئىشخانىسى بىر تۈركۈم زىيالىيـ
لارنى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ يېزىلىرى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنى
چوڭقۇر تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، نۇرغۇن تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنى يېزىپ چىقىپ،

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى ئەينى ۋاقىتتىكى دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن. 1956 - يىلىدىن كېيىن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللىي ئىشلار كومىتېتى تەشكىللىگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تارىختىن بۇيان شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى يەنە كەڭ دائىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، نۇرغۇنلىغان مۇھىم، قىممەتلىك ماتېرىياللارنى قالدۇرغان. بۇ، تا بۈگۈنگىچە بىزنىڭ رايون ئەھۋالىنى تونۇشىمىزدا يەنىلا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپىلىرى ۋە ھەر قايسى تارماقلارنىڭ خىزمىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا نۇرغۇن تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئەترىتى 50 - يىللاردىكى تەكشۈرۈش ئاساسىدا، 1985 - يىلىدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا يەنە ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى تۈزۈشكە تەشكىللەش جەريانىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىنى تەھلىل - تەتقىق قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىنى قايتا تونۇشىمىز ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىپ بەردى. بىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدىكى ئىلگىرىكى تونۇش ئاساسىدا، يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ماركسىزملىق ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىنى قوللىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەبىئىي بايلىق، جۇغراپىيىلىك مۇھىت، ئىجتىمائىي مۇھىت قاتارلىق جەھەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى، قۇرۇلمىسى، ئورۇنلىشىشى، تەكشىسىزلىكى، شۇنىڭدەك ئوبوروت، ئىستېمال قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى ۋە تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرىنى؛ ئىجتىمائىي مەنپەئەت گۇرۇھلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ شەكىللىنىش، ئۆزگىرىش، تەڭشىلىش مەسىلىلىرىنى؛ ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش يېڭى ۋەزىيىتى ئاستىدا، تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش شارائىتىدا، سوتسىيالىزمنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى قانداق قىلىپ ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ھازىرقى

ئەھۋالى، قانۇنىيىتى، ئالاھىدىلىكى ۋە ۋەزىيىتى نېمە ئىكەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، قانداق قىلىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، پەن تېخنىكا، مائارىپ، سەھىيە، ئائىلە، مۇھىت قاتارلىق جەھەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە بولغان ھالدا ماسلىشىپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، ئەمەلىيەتكە ماس كېلىدىغان، يولغا قويۇشقا بولىدىغان، دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلار يولغا قويغان سىرتقا يۈزلىنىش تىپىدىكى ئىقتىسادىي ستراتېگىيىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ۋە ئومۇمىي پىلانىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزۈپ چىقىشىمىز لازىم. پەقەت نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، ئىقتىسادىي بازىس، ئۈستقۇرۇلما قاتارلىق جەھەتلەردە بىر تەرەپلىمە ئەمەس، بەلكى ئەتراپلىق، پارچە - پۇرات ئەمەس، بەلكى سىستېمىلىق، يۈزەكى ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولغان، پۈتۈن مەملىكەتكە سېلىشتۇرغاندا قانداق ئورتاقلىقلىرىمىز، قانداق خاسلىقلىرىمىزنىڭ بارلىقىنى تېپىپ چىقىپ، دەل جايىدا ئىش كۆرگەندىلا، ئاندىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتەلەيمىز. قىسقىسى، رايون ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ۋە توغرا تونۇش تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەننىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى كېرەك. يېقىندا، يولداش خۇچىلى مەملىكەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىلىرى باشلىقلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە، كەڭ ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىدىن دۆلىتىمىزدىكى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىقتىساد، سىياسىي، ئىدىيە، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشنى ئۈمىد قىلدى ۋە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان «ناھىيە ئەھۋالى، شەھەر ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا تەشەببۇس» نى قوۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئۇنى قىممەتكە ئىگە ئاساسىي خىزمەت دەپ ھېسابلىدى. بىز ئەگەر كەسپىي تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىگۈچى تارماقلار ۋە قىسىم، بىڭتۇەندىكى نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلاردىن ئىبارەت بەش چوڭ قوشۇننى ئۇيۇشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، بەزى كەسىپ، بەزى نۇقتىلارنى تاللاپ، ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەرگە سېلىشتۇرغان ھالدا يەنە چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدىكى قايتا تونۇ-

شىمىز چوڭ بىر قەدەم چوڭقۇرلاشتى. بۇنىڭدىن توغرا تەدبىر كۆرۈشىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ پۇختا، ئەمەلىيەتچانلىق ئاساس يەتكۈزۈپ بېرىش مەقسەت قىلىندۇ.

### 3. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھاتى مەسىلىسى توغرىسىدا

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى مەسىلە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەھبەرلىك تارماقلىرى باشتىن ئاخىر ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتقان بىر مەسىلە. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، 1986 - يىلىنىڭ ياز - كۈز پەسىللىرىدە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىر تۈركۈم نەزەرىيە خادىملىرى ۋە ئەمەلىي خىزمەت تارماقلىرىدىكى يولداشلار ئويۇشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى مەخسۇس تەتقىق قىلىندى. كېيىن يەنە بېيجىڭدا نەزەرىيىۋى دەلىللەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار ۋە مەركەزنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى رەھبىرىي يولداشلار تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇلدى. 13 - قۇرۇلتايدا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، مەركەز يەنە دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلاردا يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى، ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىش بولدى. شۇنىڭدەك، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىمۇ نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە كۆرۈلۈپ، بىزنىڭ جىددىي ئىزدىنىپ ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، ئەمەلىيەتكە ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلىشىمىزغا توغرا كەلدى. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلغاندا، ھەم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتى ۋە ئۆزىگە ئۆزى خوجا ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز، ھەم ئۇنى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىگە تۇتاشتۇرۇشىمىز ۋە ماسلاشتۇرۇشىمىز؛ ھەم نۇرغۇنلىغان پايدىلىق شەرتلەرنى، ھەم ئاز بولمىغان قىيىنچىلىق ۋە پايدىسىز ئامىللارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈشىمىز؛ ھەم ئەسلىدىكى ئاساسنى نەزەرگە ئېلىشىمىز، ھەم بۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتنى تەتقىق قىلىشىمىز ھەم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئاساس قىلىشىمىز، ھەم دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا يۈزلىنىپ، ئىچكى - تاشقى ئەھۋالغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، تېز جانلىق ئىنكاس بىلدۈرۈشىمىز لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، مېنىڭچە، 13 - قۇرۇلتاي ۋە 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - سانلىق

يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپ بويىچە ئىسلاھاتنى تېزلىتىپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىسلاھات ئارقىلىق ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلىشىمىز. «قۇرۇلۇش ئىسلاھاتقا تايىنىشى، ئىسلاھات قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك» دېگەن يېتەكچى ئىدىيىگە ئەمەل قىلىپ، قۇرۇلۇش بىلەن ئىسلاھاتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر ياقلىق قىلىشىمىز لازىم. مەن بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەيمەنكى، شىنجاڭدىمۇ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكىگە ئوخشاش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىسا، ئىشىك ئېچىۋېتىلمىسە، چىقىش يولى بولمايدۇ، ئۇزاق مۇددەتلىك جەريانىدا شەكىللەنگەن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كەلمەيدىغان كونا تۈزۈلمە ئىسلاھ قىلىنمىسا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى بۇ مەركىزىي ۋەزىپىنى ئورۇنلىغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇۋالغان ئەنئەنىۋى كۆز قاراش ۋە رامكىلارنى تۈگىتىپ، قاتماللىشىپ كەتكەن باشقۇرۇش ئەندىزىسىدىن قۇتۇلۇشىمىز لازىم. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق ئىشلارنى قەتئىي قوللىشىمىز، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولمىغان ئىشلارنى قەتئىي تۈگىتىشىمىز لازىم. ئەلۋەتتە، بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز لازىمكى، نۆۋەتتىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئالدىنقىلار باشتىن كەچۈرمىگەن جاپالىق، مۇرەككەپ ئىش. ئىسلاھات - بىر قېتىملىق چوڭقۇر ئىنقىلاب، ئۇنىڭدا زىددىيەتلەر گىرەلىشىپ كەتكەن، ئىسلاھات يەنە ئۇزاق مۇددەتلىك، جاپالىق، مۇرەككەپ بىر جەريان. شۇڭا بىزنىڭ ئىسلاھاتقا تۇتىدىغان پوزىتسىيىمىز ئاكتىپ ھەم پۇختا بولۇشى كېرەك. بىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان قەدەم باسقۇچ بىلەن، پۇختا بولۇشقا تېگىشلىك بولسا، قەتئىي پۇختا بولۇشىمىز، تېزلىتىشكە تېگىشلىك بولسا، ئاستىلىتىپ قويماسلىقىمىز لازىم. ئاچقۇچ - بىزنىڭ ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى بەلگىلىگەندە ھەر بىر ئىسلاھات تەدبىرىنىڭ ئىلمىيلىكى، مۇۋاپىقلىقى ۋە ئەمەلىي ئىجرا قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىشىمىزدا. شۇنىڭدەك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا يەنە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، پايدىلىق بولغان تەرەپلىرىنى جارى قىلدۇرىدىغان، نۇقسان بار تەرەپلەرنى چەكلەيدىغان تەدبىرلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە قايتما ئۇچۇر بېرىپ ۋە تەڭشەپ، ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىسلاھاتنىڭ ساغلام، ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانى-

لاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىجتىمائىي پەننىڭ يېتەكچىلىكى ۋە مەدەت بېرىشىگە مۇھتاج. بىز ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنىڭ ئىسلاھاتقا بىۋاسىتە قاتنىشىپ، ئىسلاھاتقا مەدەت بېرىشىنى، ئەمەلىيەت داۋامىدا جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈش ئارقىلىق، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي بىلىم - كۆز قاراشلىرىنى تەقدىم قىلىشىنى ۋە زور سىياسەتلەر ئۈستىدە بىر نەچچە يۈرۈش لايىھەنى كۆرسىتىپ، رەھبەرلىك ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تاللىۋېلىشىغا سۇنۇپ بېرىش ئارقىلىق چوڭ جەھەتتىن تەدبىر كۆرۈشتىكى سەۋەنلىكنى ئازايتىپ ئەمەلىيەتنىڭ نەزەرىيىگە قويغان تەلىپىنى قاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

## 4. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتىنى گۈللەندۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قازىنىلدى، بۇ، ھەممىگە ئايان ئىش. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنىڭ توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىنغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مىللەتنىڭ كوللېكتىپ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى، بۇنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن قىلغان ئەمگىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ئون يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىن بىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى كەڭ مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ، تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئىدىيە ئازاد قىلىنمىغان، نەزەرىيە جەھەتتىكى بۆسۈش ئارقىلىق يېتەكلىك يارىتىلمىغان بولسا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەستى. خۇشاللىنىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بىر قانچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدا دەسلەپكى

كۆلەملىك ئىجتىمائىي پەن كەسپىي تەتقىقات ئورۇنلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى، ئالىي مەكتەپ ـ تېخنىكوملار، ئەمەلىي خىزمەت تارماقلىرى ۋە ھەربىي قىسىم، بىڭتۈەننىڭ نەزەرىيە خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان نەزەرىيە قوشۇنى ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ، پارتىيە ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا سادىق، جەڭگىۋارلىققا ئىگە، ئىشىنىشكە ۋە تايىنىشقا بولىدىغان قوشۇن. ئۇ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ زورىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە نەزەرىيە تەشۋىقاتى رايونىمىزدىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنىڭ ئېھتىياجىدىن تېخى ئارقىدا تۇرماقتا. ئىجتىمائىي پەننىڭ بىلىش، دەلىللەش، ئالدىن مۆلچەرلەش، تەڭشەپ كونترول قىلىش قاتارلىق ئىجتىمائىي رولى تېخى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىي، ئىدىيە، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشىدە يۈز بەرگەن تۈرلۈك ئەمەلىي مەسىلىلەر تېخى ئۆز ۋاقتىدا ئىلمىي چۈشەنچە ۋە نەزەرىۋى ئىزاھاتقا ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. ئىجتىمائىي پەن بويىچە 5 تەرەپتىكى كۈچنىڭ ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلىشى، ئىجتىمائىي پەننىڭ كۆپ تارماقلىرى بويىچە ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىش ۋە ئىجتىمائىي پەن بىلەن تەبىئىي پەن، تېخنىكا پەنلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات تېمىلىرىنى ئورتاق تەتقىق قىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تېخى يەنىمۇ تىرىشىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھازىر، دۆلىتىمىز ھالقىلىق بىر دەۋردە تۇرۇۋاتىدۇ. ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلىۋاتقاندا، نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىگە جىددىي مۇھتاج بولۇۋاتىدۇ. بۇ، ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى يېڭى نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان، يېڭى مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدىغان ياخشى پۇرسەت، شۇنداقلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ۋە كېڭەيتىپ، ماركسىزمنىڭ زور تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ پايدىلىق پەيتى. مەن مۇشۇنداق ۋەزىيەتنى ۋە ۋەزىپىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى ئۈمىد قىلىمەن: بىرىنچى، ماركسىزمنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، بىزدە ساقلىنىۋاتقان ماركسىزمنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەش يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل بىلەن تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش لازىم. ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى

ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، «ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىن بىر ئۆلچىمى» دېگەن ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن، ماركسىزم توغرىسىدىكى دوگما چۈشەنچە ۋە ماركسىزمغا قوشۇپ قويۇلغان خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى تۈگىتىپ، ئالدىنقىلارنىڭ تارىخىي شارائىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن مەلۇم خىيالىي ئامىللار ئارىلىشىپ قالغان ئايرىم كۆز قاراشلىرىنى چۆرۈپ تاشلاش ۋە ئۇنى داۋاملىق تۈردە يېڭى ئىدىيىۋى ماتېرىيال ۋە ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن تولۇقلاش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ماركسىزم ئاندىن يېڭى زور تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ. ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان ئىجتىمائىي پەن يەنىمۇ گۈللىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. ئىككىنچى، ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش لازىم. ئەمەلىيەت شۇنى تەكرار ئىسپاتلىدىكى، ئومۇمەن ھەقىقىي تۈردە چوڭقۇر تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مول ماتېرىيال ئىگىلىگەن ئاساستا، ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇپ، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى تېپىپ، قانۇنىيەتلىك بىلىشكە ئېرىشكەن ئىلمىي نەتىجە ئەمەلىيەتكە ياخشى يېتەكچىلىك تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، ئىدېئالىستىك ۋە مېتافىزىكىلىق خاتالىقلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئۈچىنچى، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى بەش تەرەپتىكى كۈچنىڭ ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلىشىنى كۈچەيتىپ، پەن تۈرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توساقلار ئايرىۋېتىلگەن ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، تەبىئىي پەن، تېخنىكا پەنى ۋە ئىجتىمائىي پەن ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاق ۋە ئورتاق تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كۈچەيتىش لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ تەتقىق قىلىپ ياخشىلىشى ۋە كۈچەيتىشى، ئىجتىمائىي پەننىڭ جەمئىيەتنى بىلىش ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، دېموكراتىك، ئىتتىپاق، ماسلاشقان، ئىناق مۇھىتنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇشى، ھەقىقەت ئالدىدا ھەممە كىشى باراۋەر بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە يول قويۇش، خاتالىقنى تۈزىتىشكە يول قويۇش، «ئۈچ قىلماسلىق» نى يولغا قويۇش، ئۆز كۆز قارىشىنى ساقلاپ قېلىشقا يول قويۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىۋېلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شارائىتلارنى تىرىشىپ يارىتىپ بېرىش كېرەك.

يولداشلار 13 - قۇرلتاينىڭ دوكلاتىدا: «ئۇلۇغ ئەمەلىيەت ئۇلۇغ نەزەرىيىگە مۇھتاج» دەپ كۆرسىتىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ھەر

مىللەت خەلقى ئىجتىمائىي پەننىڭ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىنى سەممىي ئۈمىد قىلماقتا. بۇ قېتىمقى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن خۇشاللىنارلىق بىر قەدەم تاشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىجتىمائىي پەننىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، نەزەرىيە تەتقىقاتىنى گۈللەندۈرۈشنى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت كۈنتەرتىپىگە قويىدىغانلا بولسا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش، ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىشتەك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەزىپە تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلىپ، كۈچەپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ، يېڭى ۋەزىيەتكە يۈزلىنىپ، يېڭى ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلا بولسا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا چوقۇم ئۈزلۈكسىز يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرى چوقۇم يەنىمۇ گۈللەيدۇ ۋە راۋاج تاپىدۇ.

سۆزۈم تۈگىدى. كۆپچىلىككە رەھمەت!
يولداشلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، خىزمىتىگە غەلىبە تىلەيمەن!

△ ئۆتمۈشنى قاغاش بىلەن ھەرگىزمۇ كەلگۈسىنى گۈللەندۈرگىلى بولمايدۇ. قول كۆتۈرۈپ چۇقان سالغاندىن كۆرە، ئىككى قولىمىز بىلەن سوتسىيالىستىك يېڭى ھاياتنى گۈللەندۈرگىنىمىز ئەۋزەل. ئالغا قارايلى! يېڭى زاماننىڭ كىشىلىرى يېڭى زاماننى كۆرۈشى لازىم.

— لى يەنجىننىڭ «گۈزەل قەلب يارىتايلى» ناملىق كىتابىدىن—

# «سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ۋە رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى» نى ئېچىش نۇتقى

فېڭ دا جېڭ

ھەر قايسى مۇتەخەسسىس، ئالىم ۋە يولداشلار:

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ئاپتونوم
رايونلۇق پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسىنىڭ بىر قانچە
ئايدىن بۇيان ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىشى ئارقىلىق بىرلىكتە چاقىرغان «سوت-
سىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى
نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى» بۈگۈن رەسمىي ئېچىلدى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى
نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ بىر قېتىملىق كاتتا يىغىنى، شۇنداقلا پارتىيە 13-قۇ-
رۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش يولىدا بېسىلغان زور بىر قەدەم.
بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ياخشى ئېچىلىشى-پارتىيە 13-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىغا بولغان
چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى
نەزەرىيە تەشۋىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىز-
نىڭ ئەھۋالىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تونۇش، ئىسلاھات خىزمىتىنى تېزلىتىش ۋە چوڭقۇر-
لاشتۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋەكالەتەن بۇ قېتىمقى نەزەرىيە مۇھاكىمە
يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدا نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى ئۆز ئارا ئايرىۋې-
تىشتەك ئەھۋاللار ساقلانماقتا. بۇنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، نەزەرىيە خادىملىرى بىلەن
ئەمەلىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئالاقىلىشىش يوللىرىنىڭ زور دەرىجىدە كۈچەيتىشكە،

نەزەرىيە تارماقلىرى بىلەن ئەمەلىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ۋە نەزەرىيە تارماقلىرى بىلەن رەھبەرلىك تارماقلىرىنىڭ قەرەللىك سۆزلىشىش، مەسلىھەتلىشىشتىن ئىبارەت ئۆز ئارا ئەھۋال ئالماشتۇرۇش تۈزۈمىنى قەدەممۇ-قەدەم تۇرغۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ قېتىمقى يىغىنغا ھەر مىللەت نەزەرىيە خادىملىرى قاتناشتۇرۇلغاندىن باشقا، يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئەمەلىي خىزمەت تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار ۋە بىر قىسىم زاۋۇت باشلىقى، جىگلى، كارخانىچىلارمۇ تەكلىپ قىلىندى. دېمەك ھەم ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى ھەمدە تەبىئىي پەن خادىملىرى قاتناشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك بىر يەرگە جەم بولۇپ ئورتاق مۇزاكىرە قىلىش، ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىز جايلىرىنى تولۇقلاش ۋە نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى زىچ بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق بۇ قېتىمقى نەزەرىيە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ياخشى ئېچىشقا ھۇل سېلىندى.

بۇ قېتىمقى «سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ۋە رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى» نىڭ ئاساسىي نوقتىسى-پارتىيە 13-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىدىيىدە تېخىمۇ ئازاد بولۇپ، كەڭ نەزەرىيە خادىملىرىنىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى زور نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت. يىغىن بۇ ئاساسىي نۇقتىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ھەر قايسى جەھەتلەرنى ئىچىگە ئالغان 300 دىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالدى، بولۇپمۇ كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ قېتىمقى يىغىن ممللىي يېزىقتا يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلەر ئەڭ كۆپ بولغان يىغىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىلمىي ماقالىلەرنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 140 پارچە ماقالە يىغىنغا قاتناشقۇچىلارغا تارقىتىپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى رايونىنىڭ 110 دىن، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ 30 پارچىدىن ئارتۇق. بۇ ئىلمىي ماقالە ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى مول مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ سوتسىيالىزمىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىدىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي نۇقتىنى زىچ چۆرىدىگەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ۋە رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت پەن-تېخنىكا، پارتىيە قۇرۇلۇشى، بىرلىك سەپ، مىللەت، دىن قاتارلىق ھەر قايسى كونكرېت ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا يېزىلغان. بۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە - دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھاتىغا دائىر مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتىشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىزنىڭ ئاساسىدۇر. نۆۋەتتە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى بىر قاتار تۈپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ تۈپ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىشقا بولمايدۇ. ۋەھالەنكى، ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا دۆلىتىمىزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جەھەتلەردىكى ئەمەلىي ئەھۋالى، شۇنىڭدەك بۇ باسقۇچتىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى، تەرەققىيات قانونىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە بىلىدىغانلىرىمىز تېخى كۆپ ئەمەس، دېگەندەك چوڭقۇر ئەمەس. شۇڭا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە قانات يايدۇرۇش - نۆۋەتتە نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. بۇ، بىزدىن سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتىنى نوقۇل ئىلمىي نەزەرىيە مەسىلىسى قىلىپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئۇنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتقا يېتەكچىلىك قىلىشنى نەزەردە تۇتىشىمىز، ھەمدە كەڭ ئاممىنىڭ، ياشلارنىڭ سوتسىيالىزمغا بولغان ئىلمىي چۈشەنچىسىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇۋېلىشقا ياردەم بېرىشىمىز كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، تەتقىقات پىكىر يولىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، نۇقتىلىق تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەر جەھەتتىكى كۈچلەرنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تەشكىللەپ، خىزمەتنى زور ئىلگىرىلەشكە ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرۈشىمىز لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ قايتا تونۇشىمىز كېرەك. پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، «دەسلەپكى باسقۇچ» توغرىسىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك شۇكى، نۇرغۇن نەزەرىيە خادىملىرى، نۇرغۇن جايلار، تارماقلار ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى رايون ئەھۋالى، شەھەر ئەھۋالى، ناھىيە ئەھۋالىنى سىستېمىلىق تەكشۈرۈشكە بولغان ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈرۈپ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ئۈستىدە قايتىدىن پىكىر يۈرگۈزدى. بۇ بىر چوڭ ئىلگىرىلەش، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ پۈتكۈل نەزەرىيە خىزمىتىنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىم شەرتى. بىز بۇ ھالقىنى تۇتۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە يولغا قويغان دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىدىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەتكە يۈزلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بۇ جەھەتتىكى نەزەرىيەۋى پىكىر قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئىسلاھات ئومۇمىي ۋەزىيىتى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن ۋە يولغا قويغان شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكىلى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى ۋە ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلغىلى بولىدۇ.

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، سوتسىيالىزمنى قايتا تونۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ 13 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىنى يېزىش جەريانىدا، يولداش دېڭشاۋپىڭ ئىسلاھاتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ئىكەنلىكىگە جاۋاب بېرىشىمىز كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى. ئەمەلىي تۇرمۇشتىن قارىغاندا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش داۋامىدا، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى يادرو قىلغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى يادرو قىلغان سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا بىز ھەقىقەتەنمۇ ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى زىددىيەت ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدۇق. بۇلارغا ماركسىزم كلاسسىك ئەسەرلەردىن ياكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ كونا ئەندىزىسىدىن جاۋاب تېپىش قىيىن. شۇڭا، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ بىز قۇرۇۋاتقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە سوتسىيالىزم ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تۈردە تونۇۋېلىشىغا قانداق قىلىپ ياردەم بېرىش مەسىلىسى ـ ئۇزاق ۋاقىت مەۋجۇت بولىدىغان زور جامائەت پىكرى توپلاش مەسىلىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، قاتمال ئىدىيىلەر ۋە ئادەت كۈچلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشىمىزغا؛ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشتا، ئەمەلىيەت ـ ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىن بىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىشىمىزگە، يېڭى ئىدىيىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئەمەلىيەت داۋامىدا سوتسىيالىزمغا بولغان قايتا تونۇشىمىزنى ئۈزلۈكسىز تۈردە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىپ، ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى ئالغا سۈرەلەيمىز.

ھازىر، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەزەرىيە تەتقىقاتى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. نەزەرىيە تەتقىقاتى ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ ھەقىقەت ئۈچۈن ئىزدىنىدىغان، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان ھوقۇقى بار، ھەممە كىشىنىڭ ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىدىغان، ھەقىقەتكە بويسۇنىدىغان مەجبۇرىيىتى بار. بىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئىلمىي دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراش، ئوخشاش

بولمىغان پىكىرلەر ئۈستىدە ئوبيېكتىپ ھالدا، باراۋەرلىك ئاساسىدا، مۇۋاپىق تۈردە مۇھاكىمە ۋە بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. نەزەرىيە مۇھاكىمىسىدە بىر خىللا ئاھاڭدا بولۇش ئانچە ياخشى ئەمەس. ئەگەر نەزەرىيىۋى كۆز قاراشلار جەھەتتىكى ھەق-ناھەققە بىر خىل كۆز قاراش، بىر خىل پىكىر ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىنسا، نەزەرىيە تەتقىقاتى تۇنجۇقۇپ قالىدۇ. نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە ۋە ئىلمىي بەس-مۇنازىرىدە ھەق-ناھەقنى ئايرىشنىڭ بىردىن بىر ئۇسۇلى ئەمەلىيەت ئارقىلىق سىناشتىن ئىبارەت. رەھبەرلىك تارماقلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى نەزەرىيە خادىملىرىنى يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئىلھام بېرىش ۋە يېتەكلەش خىزمىتىنى كۆپرەك ئىشلەشتىن ئىبارەت. مانا مۇشۇلار نەزەرىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىلمىي ئاتموسفىرانى قويۇقلاشتۇرۇشنىڭ توغرا يولى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يىل 7-ئايدا ۋە يىل ئاخىرىدا، مەركەز ۋە غەربىي رايوندىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا بېيجىڭ ۋە شىئەندە پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىغا 10 يىل توشقانلىقى يۈزىسىدىن نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ۋە غەربىي رايوننىڭ ئىسلاھاتى توغرىسىدا نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئاچماقچى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئىلمىي تەشكىلاتلار ۋە نەزەرىيە خادىملىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، پەن تەتقىقات پىلانلىرىنى قايتىدىن تۈزۈپ ۋە تەڭشەپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى زىچ دەۋر قىلغان ھالدا تەتقىقاتنى ياخشى تەشكىللىشى كېرەك. بىز بۇ قېتىمقى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىنى ياخشى ئېچىشىمىز، مۇشۇ ئاساستا كۆڭۈل قويۇپ تاللاش ۋە قايتىدىن پىششىقلاش ئارقىلىق بىر قاتار يۇقىرى سۈپەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، غەربىي رايوندىكى ۋە مەملىكەتلىك نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم.

يولداشلار: ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى نەزەرىيىگە مۇھتاج بولماقتا؛ نەزەرىيە ساھەسىدىكى يولداشلاردىن دەۋرنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ بېقىشنى؛ روھنى ئۇرغۇتۇپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىپ، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش داۋامىدا يېڭى تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلماقتا.

ئاخىرىدا، نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن! يولداشلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمەن!

# سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى فېئودالىزم قالدۇقلىرىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا ئىزدىنىش

لى ب. ن

(سانجى ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى)

جۇڭگو سوتسىيالىزمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزمىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان. توغرا لېنىنيە بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ تەرەققىي تاپقان مەملىكەتلەرنىڭ سوتسىيالىزمغا كىرىشىنىڭ باشلىنىش باسقۇچىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان. ئىدىيىۋى سىياسىي ساھەدە، مەيلى تەرەققىي تاپقان مەملىكەتلەر بولسۇن ياكى تەرەققىي تاپمىغان مەملىكەتلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىزمغا كىرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى تازىلاش ۋەزىپىسىگە دۇچ كېلىدۇ. ئەمما، تەرەققىي تاپمىغان مەملىكەتلەر تەرەققىي تاپقان مەملىكەتلەر بىلەن ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، بۇنداق مەملىكەتلەر بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى تازىلاشتىن سىرت، يەنە فېئودالىزم قالدۇقلىرىنىڭ تەسىرىنى تازىلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ دېگەنلىك، بۇرژۇئا ئىدېئولوگىيىسىنىڭ تەسىرىنى تازىلاش—مەيلى تەرەققىي تاپقان، مەيلى تەرەققىي تاپمىغان مەملىكەت بولسۇن، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزمغا كىرگەندىن كېيىنكى ئورتاق ۋەزىپىسى، دېمەك، بۇ ئورتاقلىق. فېئودالىزم قالدۇقلىرىنىڭ تەسىرىنى تازىلاش—ئىلىمىزگە ئوخشاش تەرەققىي تاپمىغان مەملىكەتنىڭ سوتسىيالىزمغا كىرگەندىن كېيىنكى ئالاھىدە ۋەزىپىسى، يەنى بۇمۇ بىر ئالاھىدىلىك. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، ھەر قايسى سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەرنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ھەل قىلىشقا توغرا كەلگەن ئورتاق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى، مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا دۇچ كەلگەن ئالاھىدە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك. فېئودالىزمنىڭ

قالدۇقلىرى، مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى بىر خىل رېئال مەۋجۇدىيەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتچىل سىياسىسىنى بەرپا قىلىشىمىز ۋە سوتسىيالىستىك تاۋار - ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىزدىكى ئاساسلىق ئىددىيىۋى توسالغۇدۇر. ئۇنىڭ تەسىرى كاپىتالىستىك ئىددىيىنىڭكىگە قارىغاندا، تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر، ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى زېمىنى تېخىمۇ چوڭ. نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىش - قىلالماسلىقى، خېلى زور دەرىجىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ ھەر قايسى جەھەتلەردە فېئودالىزم قالدۇقلىرىنىڭ تەسىرىنى ئۈنۈملۈك تازىلىيالىشىمىز ياكى تازىلىيالماسلىقىمىزغا، ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدە ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان ھازىرقى زامان كۆز قارىشىنى پۇختا تۇرغۇزۇش ياكى تۇرغۇزالماسلىقىمىزغا باغلىق.

فېئودالىزم قالدۇقلىرىنىڭ تەسىرىنى تازىلاشتا، ئالدى بىلەن فېئودالىزمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى مەنبەسىنى تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. مەنبەنى تاپقاندا، ئاندىن ئىشنى فېئودالىزمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشقا تايانغان شارائىتىنى سۈپۈرۈپ تاشلاشتىن باشلاپ، فېئودالىزم ئىددىيىسىنىڭ قالدۇق تەسىرىنى ئۈزۈل-كېسىل تازىلىغىلى بولىدۇ. ئىلگىرى، كىشىلەر سوتسىيالىزم مەزگىلىدە فېئودالىزم قالدۇقلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى سەۋەبلەرنى تەھلىل قىلغاندا، بۇنداق ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تارىخىي سەۋەبلەرگە ۋە ئىدېئولوگىيىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگىلا نەزەر سېلىپ، فېئودالىزم قالدۇقلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى رېئال سىياسىي - ئىقتىسادىي مەنبەلىرىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، فېئودالىزم قالدۇقلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ، يەنى ئۇنىڭ ھەم تارىخىي، ھەم رېئال سەۋەبلىرى بار؛ ئۇنىڭ ھەم ئىدىيە، مەدەنىيەت ۋە پسىخولوگىيە جەھەتتىكى، ھەم سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى سەۋەبلىرى بار. بۇنچىلىك كۆپ سەۋەبلەر ئىچىدە، بىز رېئال سىياسىي، ئىقتىسادىي سەۋەبلەرنى تەھلىل قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق، فېئودالىزم قالدۇقلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىدىكى رېئال شەرت - شارائىتلارنى ئۈزۈل - كېسىل سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز كېرەك. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئېلىمىزدە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا فېئودالىزم قالدۇقلىرىنىڭ يەنىلا بىر قەدەر چوڭقۇر بولۇشى، ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە سەۋەبلەردىن بولغان:

1. ئىجتىمائىي ھالەت ئالمىشىش جەريانىدىكى ئالاھىدىلىك. مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا فېئوداليزم ئىدىيىسىنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ مۇقەررەر سۈرەتتە چوڭقۇر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى بەلگىلىگەن.

جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمئىيەت تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇپ، فېئوداليزم ئىدېئولوگىيىسىنىڭ مۇكەممەللىكى، سىستېمىلىقى ۋە جاھىللىقى جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنداق تارىخىي شەرت - شارائىت جۇڭگودا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى فېئوداليزم قالدۇقلىرىنىڭ چوڭقۇر بولۇشى بىلەن ھەقىقەتەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەمما بۇ، مۇقەررەرلىك مۇناسىۋەتتە ئەمەس. بۇ دېگەنلىك، فېئوداللىق جەمئىيەت تارىخىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى، فېئوداليزم ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئىنتايىن مۇكەممەل بولۇشى، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا چوقۇم فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ چوڭقۇر قالدۇقلىرىنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇزاق تارىخلىق فېئوداللىق جەمئىيەتتە شەكىللەنگەن مۇكەممەل فېئوداليزم ئىدېئولوگىيىسىنىڭ زور مىقداردا سوتسىيالىزمغا سىڭىپ كىرەلىشى ياكى كىرەلمەسلىكى، ئاساسەن فېئوداللىق جەمئىيەت بىلەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ئارىسىدا تولۇق تەرەققىي تاپقان كاپىتالىزم باسقۇچىنىڭ بولۇش-بولماسلىقىغا باغلىق بولىدۇ. مەملىكىتىمىزدە، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا فېئوداليزم قالدۇقلىرىنىڭ چوڭقۇر بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، ئۇ بولسىمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھالەت تەرەققىياتىنىڭ ئالمىشىش جەريانى ئالاھىدە بولغانلىقىدا، يەنى ئۇ، مۇكەممەل ۋە مۇستەقىل بولغان كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەندىلا، يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكىلىك ئاساستىلا بىۋاسىتە سوتسىيالىزمنى قۇرغانلىقىدا. ئەسلى، فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى تازىلاش بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ ئىدىيە ساھەسىدىكى تارىخىي ۋەزىپىسى ئىدى. تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك ئەللەر، ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغىنىش، ئاقارتىش ھەرىكىتى ۋە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ تەنقىد ۋە زەربىسىنى باشتىن كەچۈرگەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر نەچچە يۈز يىلدىن بۇيانقى كاپىتالىستىك سىياسىي تۈزۈم، ئىقتىسادىي تۈزۈم، بولۇپمۇ تاۋار ئىگىلىكىنىڭ كەڭ تەرەققىياتى بولغاچقا، كاپىتالىستىك ئاڭ ئاللىقاچانلا پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمران ئىدىيىسىگە ئايلانغاچقا، فېئوداللىق ئىدىيىۋى ئاڭنىڭ قالدۇقلىرى ئانچە كۆپ ساقلىنىپ قالمىغان. مۇنداق شارائىتتا سوتسىيالىزم قۇرۇلسا، ئۇ ھالدا ئاساسلىق ئىدىيىۋى توسالغۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىدىيىسى بولىدۇ. لېكىن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئىلىمىز ئۇزاق يىللىق فېئوداللىق

جەمئىيەتنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، مۇستەقىل كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە كىرمەستىنلا يېرىم فېئودال، يېرىم مۇستەملىكىلىك جەمئىيەتكە ئايلانغان. بۇرژۇئازىيە سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىنتايىن ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىدىيە ساھەسىدىمۇ تېخى، فېئودالىزم ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىيەلىگۈدەك قۇدرەت تاپالمىغان ئەمەس. فېئودالىق ئىدېئولوگىيە،، گەرچە بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىنىڭ، بولۇپمۇ ماركسىزملىق ئىدىيىنىڭ شىددەتلىك زەربىسى ۋە تەنقىدىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكىلىك جەمئىيەتتە، فېئودالىزم ئىدىيەسى پۈتكۈل ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە باشتىن ئاخىرغىچە ھۆكۈمران ۋە يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە ئەگىشىپ، فېئودالىزم سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۈزۈل - كېسىل ۋەيران قىلىندى. ئىدىيە ساھەسىدە بولسا، فېئودالىزم ئىگىلىگەن ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان پرولېتارىيات ئىدىيىسى ئىگىلىدى. لېكىن، ئىدېئولوگىيىنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقى، تارىخىي ۋارىسچانلىقى بولغاچقا، ھەمدە ئىدېئولوگىيەدىكى ئۆزگىرىش ھامان ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئاستا بولۇشىدەك ئالاھىدىلىك بولغاچقا، فېئوداللىق ئاڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئاساسىنىڭ يوقىلىشى بىلەن تەڭ دەرھال يوقالمايدۇ. ئۇ ھامان يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئورگانىزمىغا سىڭىپ كىرىپ، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بېرىشىمىزدىكى ئاساسلىق ئىدىيەۋىي توسالغۇلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئالاھىدە شارائىتىدە، يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكىلىك جەمئىيەتتىن كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتۈپلا بىۋاستە سوتسىيالىزمغا كىرگەنلىكى، تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە خىلاپ ئەمەس. ئەمما، بۇنداق ھالقىپ ئۆتۈش مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر قاتار ئالاھىدە ئەھۋال ۋە پەۋقۇلئاددە مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ بەردى. بىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا. تەرەققىي تاپقان مەملىكەتلەر كاپىتالىزم شارائىتىدا ئورۇنلىغان ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپلا قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تەرەققىي تاپقان ئەللە كاپىتالىزم شارائىتىدا ئورۇنلىغان فېئودالىزمنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنى تازىلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ ئۆز - ئارا ئالمىشىشىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىك بىزگە يۈكلىگەن ئالاھىدە ۋەزىپىدۇر. ئىلگىرى بىز خېلى ئۇزاق

ۋاقىتقىچە مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىدىئولوگىيە ساھەسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق بايقىيالمىغان. فېئوداللىزمنىڭ قالدۇقلىرىنى تازىلاشقا دىگەندەك ئەھمىيەت بېرەلمىگەن، نەتىجىدە دۆلەت ۋە خەلق ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش چوڭقۇرلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ ئېچىنىشلىق ساۋاقلارنى چوقۇم ئەستايىدىل يەكۈنلەشكە ۋە ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك.

2. يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكىلىك ئىجتىمائىي ئاساس ئۈستىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن، ھەم دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشقا، ھەم پەيتنى قولدىن بەرمەي سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا بۇرۇلۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر، بۇ ئىش ئوبدان بىر تەرەپ قىلىنمىسا، بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىنى تەنقىد قىلىش ۋەزىپىسىنى فېئوداللىزم ئىدىيىسىنى تەنقىد قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ قويۇلىدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «بىز 28 يىل يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىپ فېئوداللىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىكىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدۇق. ئۇ ئىنقىلابىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك، ئۈزۈل-كېسىل بولدى. ئەمما، فېئوداللىزمنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي جەھەتتىكى قالدۇق تەسىرىنى تۈگىتىش ۋەزىپىسىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق مۆلچەرلەپ كېتەلمىگەنلىكىمىز، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشقا تېزلا كىرىشىپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالماي قالدۇق.» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 509-بەت) يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابتىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا بۇرالغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈلۈپ، پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزم ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئاساسىي زىددىيەتكە ئايلاندى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئاساسىي زېھنى كۈچىمىزنى كاپىتالىزمنى ئۆزگەرتىش، بۇرژۇئازىيە ئېڭىنى تەنقىد قىلىشقا قارىتىش تامامەن زۆرۈر ئىدى. لېكىن، فېئوداللىزم قالدۇقلىرىنىڭ جاھىللىقىغا بولغان تونۇش يېتەرلىك بولمىغاچقا، دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى ۋەزىپىلىرىنىڭ تېخى ئۈزۈل-كېسىل ئورۇنلىنىپ بولمىغانلىقىغا قارىتا تونۇش تازا ئېنىق بولمىغاچقا، كاپىتالىزمنى ئۆزگەرتىش، بۇرژۇئازىيە ئىدىئولوگىيىسىنى تەنقىد قىلىشتا، فېئوداللىزم قالدۇقلىرىنى تەنقىد قىلىش ۋە ئۇنى تازىلاشنى بوشاشتۇرۇپ قويدۇق. بولۇپمۇ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسەن ئورۇنلانغاندىن كېيىن، پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يەنىلا خاتا ھالدا سوتسىيالىستىك جەھەتتىكى ئاساسلىق زىددىيەت قىلىۋالدۇق.

قارىغۇلارچە فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ھېچقانچە كۈچى يوق دەپ قاراپ تىرىلمەشنىڭ ئاساسىي خەۋپى بۇرژۇئازىيىدىن كېلىدۇ دەپ تونىدۇق. سىياسىي ساھەدە «ئاتالمىش بۇرژۇئازىيە» گە ۋە «پارتىيە ئىچىدىكى بۇرژۇئازىيە» گە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئۆزلۈكسىز ئېلىپ باردۇق، ئىدىيە ساھەسىدە بىر تەرەپلىمە ھالدا «پرولېتارىيات ئىدىيىسىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىنى يوقىتىش»، «خۇسۇسىيلىققا قارشى كۈرەش قىلىپ شىيۇجىڭجۇيىنى پىپەن قىلىش» تەك شۇئارلار ئارقىلىق پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيە ساھەسىدىكى تۈپ ۋەزىپىسىنى ئىپادىلىدۇق. نەتىجىدە بۇرژۇئا ئىدىئولوگىيىسىنىڭ مەۋجۇتلۇق دائىرىسى ۋە دەرىجىسىنى ناھايىتى كېڭەيتىۋېتىپلا قالماستىن، بەلكى فېئوداليزمنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنى تازىلاش ۋەزىپىسى يوشۇرۇلۇپ قېلىندى ھەتتا ئۇ يوققا چىقىرىلدى. شۇنداق سولچىل ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، فېئوداليزم ئىدىيىسىنى بىر ئاز تەنقىد قىلغان بولساقمۇ، لېكىن بۇ خىل تەنقىد چوڭقۇر ھەم سىستېمىلىق بولمىدى، تەنقىد ئۆزەلا بولغاچقا، فېئوداليزمنىڭ ئىلاھىيەت ھوقۇقى، يەر ھوقۇقى، پادىشاھ ھوقۇقى، تەبىقىچىلىك ئىمتىيازى ھەم كىشىلىك ھوقۇقىنى يوققا چىقىرىش، ئىنسان تەبىئىتىنى بوغۇش، ئىنسان قەدىر-قىممىتىنى تۆۋەنلىتىشكە ئوخشاش ماھىيىتىگە زادىلا تېگىلمىدى. شۇڭلاشقا فېئوداليزمنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىق تۈزۈمىنىڭ، تەبىقىچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرىنى تۈپ ئاساستىن ئۈزۈل-كېسىل تازىلاش مۇمكىن بولمىدى. بولۇپمۇ، 10 يىللىق مالىمانچىلىق جەريانىدا، فېئوداليزم قالدۇقلىرىنىڭ نۇرغۇن ئىپادىلىرى، مەسىلەن: ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمى، شەخسىي ھاكىم مۇتلەقلىق، مەدەنىيەت ئىستىبداتلىقى، شەخسىي خۇراپاتلىق، مەزھەپچىلىك، ئىمتىيازلىق ئىدىيىسى ۋە چېتىۋېلىش سىياسىتى قاتارلىقلار ئاجىزلىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇلار تېخىمۇ ياماراپ ئەۋج ئالدى، كۈچەيدى، ھەتتا ئۇلار ئايرىم جايلاردا يۇقىرى پەللىگە يەتتى.

يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكىلىك تارىخىي شارائىت، مەملىكىتىمىز ئىنقىلابىنىڭ ئىككى قەدەمگە بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلىشىنى بەلگىلىگەن. بۇ ئىككى باسقۇچتىكى ۋەزىپە ئەلۋەتتە ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك ۋە بىر-بىرىگەن سىڭىپ كەتكەن. دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە، بۇ ئىنقىلابنىڭ ئىستىقبالى سوتسىيالىزم ئىكەنلىكىنى ئەستە ساقلىشىمىز ھەمدە بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن زۆرۈر تەييارلىقلارنى قىلىش لازىم ئىدى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا قەدەم قويغاندىن كېيىن بۇ ئىككى ئىنقىلاب ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى بىر پىچاق بىلەن ئۈزۈۋەتمەستىن خېلىلا كۆپ زېھنى كۈچ سەرپ قىلىپ دېموكراتىك ئىنقىلابتىن تېخى ئورۇنلانمىغان ۋەزىپىلىرىمىزنى داۋاملىق ئورۇنلاشقا توغرا كېلىدۇ. مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئاتالمىش

دېموكراتىك ئىنقىلاپ باسقۇچىدا توختاپ قېلىش ئىدىيىلىرى كۆچەپ تەنقىت قىلىنـ
غان ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، تېخى ئورۇنلانمىغان دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋەزىپىسىگە
نىسبەتەن ئېيتقاندا، «توختاپ قېلىش» نىڭ ئۆزى خاتالىق ھېساپلانماسلىقى كېرەك
ئىدى. ئەكسىچە، تارىخى تەرەققىيات باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، فېئوداللىق
ئىدىيىنىڭ قالدۇقلىرى تېخى قويۇق ساقلىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، فېئوداللىزىم
ئىدىيىنىڭ قالدۇقلىرىنى تىرىشىپ يوقاتماي قانداقتۇ «پرولېتارىيات ئىدىيىسىنى
ئەۋج ئالدۇرۇپ بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىنى يوقىتىش» دېگەن نىمىنى ھەدەپ تەرغىپ
قىلىش، قاتلاملارغا ئايرىمىغان ھالدا ھەممەكىشىنىڭ بىراقلا كوممۇنىستىك ئىدىيىنى
تۇرغۇزۇشىنى تەلەپ قىلىشنىڭ ئۆزى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيتى.

3. سوتسىيالىزىم فېئوداللىق جەمئىيەتنى «ئېتىراپ» قىلىش باسقۇچىدا تۇرـ
غاندا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى «تەكرارلىنىش» ھادىسىلىرى تۇپەيلى
كىشىلەر فېئوداللىزىم بىلەن سوتسىيالىزىمنىڭ چېگرىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. سوتسىـ
يالىزىم جەمىيىتى فېئوداللىزىم جەمىيىتىنىڭ قارشى تەرىپى بولغان كاپىتالىزىمنى ئىنكار
قىلدى. بۇ «خۇددى كونا نەرسىلەرنى ئەسلىگەكەلتۈرگەندەك ئىش». «بۇ ئەمەلىيەتتە
تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىك بولىدۇ. لېكىن، بۇ
خىل كۆرۈنىشتىكى «ئەسلىگە كەلتۈرۈش»، «ئوخشاشلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇـ
شىدا بىر خىل ساختا كۆرۈنۈشنى پەيدا قىلىپ فېئوداللىزىم بىلەن سوتسىيالىزىم
ئوتتۇرىسىدىكى چەك ـ چېگرىدىن ئاسان چەتنەشنى شەكىللەندۈرىدۇ ـ دە، كىشىلەر
پەرق ئېتەلمەي قالىدۇ. بولۇپمۇ، بىزگە ئوخشاش فېئوداللىق ئىدىيە ۋە ئۇششاق
ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرى ھەم چوڭقۇر ھەم كەڭ بولغان مەملىـ
كەتتە، كىشىلەر سوتسىيالىزىم جەمئىيىتىنى چۈشىنىش ۋاقتىدا دائىم يېڭى شەيئىلەرگە
كونا كۆز قاراش بويىچە قارايدۇ ياكى ئاددىيلا مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئاددىيلا
ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ «دۈشمەن قارشى تۇرغانلىكى نەرسىگە
قارشى تۇرۇش» نى ئاساسلىق ئىدىيىۋى ئۇسۇل قىلىۋالىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا
بىز كاپىتالىزىمنى ئاساسلىق تەنقىت ئوبيېكتى قىلغىنىمىزدا، ئاسانلا كاپىتالىزىمنىڭ
قارىمۇ قارشى تەرىپى بولۇپ — فېئوداللىزىمنىڭ بەزى نەرسىلىرىنى سوتسىيالىزىمنىڭ
نەرسىلىرى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ قويىمىز: 10 يىللىق مالىمانچىلىق جەريانىدا،
بۇنداق ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ كۆرۈلگەن. مەسىلەن، «ئىزمىغا ئەھمىيەت بېرىپ، مەنپە
ئەتكە سەل قاراش» ئارقىلىق «مەنپەئەتپەرەستلىك» كە قارشى تۇرۇلدى، «تەڭ تەقـ
سىماتچىلىق» ئارقىلىق «نامراتلىق بىلەن بايلىقنىڭ پەرقى» گە قارشى تۇرۇلدى،
«بېكىنمىچىلىك» ئارقىلىق، «ئەجنەبىلەرگە چوقۇنۇش» قا قارشى تۇرۇلدى، ئائىلە باشـ

لمقلىق»، «بىرلا كىشى سۆزلەش»، «مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى» قاتارلىقلار ئارقىلىق، بۇرجۇئازىيىچە «ئەركىنلەشتۈرۈش» كە قارشى تۇرۇلدى، «قانداشلىق نەزەرىيىسى» ئارقىلىق، بۇرجۇئازىيىچە «ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسى» گە قارشى تۇرۇلدى، «زاھىدلىق» ئارقىلىق، بۇرژۇئازىيىچە راھەتپەرەسلىك» كە قارشى تۇرۇلدى ۋاھاكازالار. كاپىتالىزم بىلەن بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىدېئولوگىيەسى تەنقىد قىلىنىشى كېرەك. ئەمما، كاپىتالىزمنىڭ قارشى تەرىپىنىڭ ھەممىسىنىڭلا سوتسىيالىزم بولۇشى ناتايىن. بىز ئىلمىي سوتسىيالىزم ئارقىلىق كاپىتالىزمنى تەنقىت قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگەللىشىمىز كېرەككى، لېكىن فېئودالىزم ئارقىلىق كاپىتالىزمنى تەنقىت قىلىشىمىزغا زادى بولمايدۇ.

فېئودالىزم بىلەن سوتسىيالىزم ئوتتۇرىسىدىكى چەك چېگرىنى ئېنىق ئايرىشتىكى ھالقا، «ئاق بولمايدىكەن، چوقۇم قارا بولىدۇ» دەيدىغان مېتافىزىكىلىق ئىدىيىۋى ئۇسۇلىدىن ئۈزۈل-كېسىل ۋاز كېچىپ، «دىئالېكتىكىلىق ئىنكار كۆز قارىشى» دا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزم ئوتتۇرىسىدىكى ھەم ئىنكار قىلىش ھەم ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت.

فېئوداللىق جەمئىيىتىدە ھوقۇق يۇكسەك مەركەزلەشكەن ئىستىبداتلىق تۈزۈم يولغا قويۇلىدۇ. سوتسىيالىزم بولسا، كاپىتالىزم شارائىتىدىكى ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىنى تۈگىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ مەركەزلىشىش، بىرلىك جەھەتتىكى تەلىپى كۆرۈنىشتە ھەقىقەتەنمۇ بىردەك. ئەمما، كاپىتالىزم شارائىتىدىكى ھۆكۈمەتسىزلىكنى تۈگىتىشتە، چوقۇم كاپىتالىزمنىڭ دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ۋە ھوقۇقنى تەقسىم قىلىش تۈزۈملىرىنىڭ فېئودالىزمغا قارىغاندا غايەت زور تارىخىي ئىلگىرىلەش ئىكەنلىكىنى چوقۇم كۆرۈش كېرەك، ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋەتمەستىن سوتسىيالىستىك پرىنسىپ بويىچە ئۆزگەرتىش ۋە كېڭەيتىش لازىم.

كاپىتالىزمنى ئىنكار قىلغاندا، ئەگەر ئۇنىڭ تارىختىكى ئىجابىي نەتىجىلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىلسە، ئۇ ھالدا چوقۇم فېئودالىزمغا چېكىنىش كېلىپ چىقىدۇ، پەقەت مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنكارلا، تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەش ھالقىسى بولالايدۇ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكار قىلىش بولسا تەرەققىيات جەريانىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ياكى كەينىگە چېكىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

4. مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ قالاق بولۇشى، تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلماسلىقى ۋە فېئودالىق ئىدىيىنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدەك ئىقتىسادىي يىلتىزىنىڭ پۈتۈنلەي يوقالغانلىقىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

فېئوداللىق ئىدېئولوگىيە — فېئوداللىق تەبىقىچىلىك تۈزۈمى مۈلۈكچىلىك
تۈزۈمى ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەشتىن ئىبارەت ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ ئىدېئولوگىيە
ساھەسىدىكى ئىنكاسى. فېئوداللىق ئىدىيە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئاساسنى يوقۇ-
تۇشتا، يالغۇز فېئوداللىق تەبىقىچىلىك تۈزۈمى ۋە مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى يوقۇتۇشلا
كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ،
ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئىگىلىكى ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى
تەمىنلەشتىن ئىبارەت ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ ئورنىنى ئىگەللەش لازىم. تاۋار ئىگى-
لىكى تولۇق تەرەققىي قىلغاندىلا، كىشىلەرنىڭ ناتۇرال ئىگىلىك شارائىتىدا چۈشەپ
قويۇلغان ئىدىيىسى ئازاتلىققا ئېرىشەلەيدۇ. فېئوداللىق تەبىقىچىلىك ئىدىيىسى،
ئىمتىياز ئىدىيىسى قاتارلىقلار تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش پرىنسىپىنىڭ زەربىسى
ئاستىدا، تەدرىجىي ھالدا ھوقۇق، بۇرچ ۋە پۇرسەت باراۋەرلىكى كۆز قارىشىغا ئو-
رۇن بېرىدۇ. پەقەت تاۋار ئىگىلىكى تولۇق تەرەققىي قىلغاندىلا، كىشىلەر كەسكىن
رىقابەت ئىچىدە ئۆزىنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ
ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە قابىلىيىتىنى ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يېتىدۇ،
پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ دېموكراتىك ئېڭى تەدرىجىي كۈچىيىدۇ. ناتۇرال ئىگىلىكتە يىلتىز
تارتقان تار ھەم قامال قىلىنغان، ئاشۇنداق كونا قائىدە-يوسۇنغا يېپىشىۋالىدى-
غان، كۆز ئالدىدىكى ھالەتكە قانائەتلىنىدىغان، تەقدىرگە تەن بېرىدىغان، ئىززىغا
ئەھمىيەت بېرىپ، مەنپەتكە سەل قارايدىغان ئىدىيىلەرنىڭ ئورنىنى بىلىم ئىختىساس
ئۇچۇر، ۋاقىت، قىممەت، ئۈنۈم، رىقابەت، ئېچىۋېتىش ۋە بىرلىشىش قاتارلىق ھا-
زىرقى زامان كۆز قاراشلىرى تەدرىجىي ئىگەللەيدۇ. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ
دەسلەپكى باسقۇچىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى قالاق بولغانلىقى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ
ئىجتىمائىيلىشىش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولغانلىقى، تاۋار ئىگىلىكى ۋە مەملىكەت ئىچى
دىكى بازارنىڭ تازا تەرەققىي تاپمىغانلىقى سەۋەبلىك ناتۇرال ئىگىلىك ۋە يېرىم
ناتۇرال ئىگىلىك يەنىلا خېلى چوڭ سالماقنى ئىگەللەپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال
تۈپتىن ئۆزگەرتىلمىسە، سىياسىي ئىدىيە ساھەسىدىكى فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ قالدۇق-
لىرى ھەرگىزمۇ تۈگەپ كەتمەيدۇ. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-
ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي
قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشىدىمۇ چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر
بولدى. ناتۇرال ئىگىلىك، يېرىم ناتۇرال ئىگىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇر-
غۇن كونا كۆز قاراشلار تەدرىجىي بىتچىت قىلىنىپ، ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپ-
چىقىرىش ۋە تاۋار ئىگىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇرغۇن يېڭى ئىدىيە، يېڭى

قاراش ۋە يېڭى تۇرمۇش قائىدە شەكىللىرى بارغانسېرى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنماقتا. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، يالغۇز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا چوقۇم بېسىپ ئۆتۈلىدىغان يول بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ فېئوداللىق ئىدىيىلەرنىڭ قالدۇق تەسىرىنى تازىلاش ئىدىيىنى يېڭىلاشنى ئالغا سىلجىتىش سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭمۇ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىدۇر.

5. مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، بولۇپمۇ، 800 مىليون دېھقاننىڭ پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن، بۇمۇ فېئودالىزم قالدۇق تەسىرلىرىنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

فېئودالىزم — ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، جاھالەتچىلىكتۇر. ئۇ، خۇراپاتلىق، قارىغۇلارچە ئەگىشىش، نادانلىق ۋە غەيرىي ئىدرەك ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان. نادانلىقنى چوقۇم پەن مەدەنىيەتكە تايىنىپ يەڭگىلى بولىدۇ. پەن - مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى، فېئودالىق ئىدىيىنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاشتا غايەت زور ئاقارتىش رولىنى ئوينىغان. سوتسىيالىزم شارائىتىدا، فېئودالىزمنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ تەسىرىنى ئۈزۈل - كېسىل تازىلاشتىمۇ ماتارىپ، پەن، مەدەنىيەتنى كەڭ تۈردە تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشقا تايىنىش لازىم. مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ماتارىپ، پەن، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئانچە تەكشى بولمايدۇ. گەرچە، بىز ئاز مىقداردىكى دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيىلىك پەن تېخنىكىغا ئېرىشكەن بولساقمۇ، ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىمىز يەنىلا ناھايىتى تۆۋەن، ساۋاتسىز ۋە يېرىم ساۋاتسىزلار يەنىلا ئومۇمىي نوپۇسنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەپ تۇرماقتا. كەڭ يېزىلارنىڭ پەن مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولغانلىقتىن، نادانلىق، قالاقلىقنىڭ يامان ئىللەتلىرى نە ۋەھشىيانە قىلمىشلىرى، مەزھەپچىلىك كۆز قارىشى ۋە فېئودال خۇراپىلىق ھەرىكەتلىرى ھەر دائىم كۆرۈلۈپ تۇرماقتا. ھەتتا، بەزى جايلاردا بۇ خىل ھەرىكەتلەر ئىنتايىن ئەدەپ كەتكەن. ماتارىپ، پەن، مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق كەڭ ئامما ھەم كادىرلارنى فېئودالىق ئاڭ ۋە ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى ئۈزۈل - كېسىل تۈگىتىپ، تاۋار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇن يېڭى ئىدىيە، يېڭى قاراش ۋە ساغلام، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك يېڭى ئادەتلەرنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەش، يەنىلا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى جاپا مۇشەققەتلىك ۋەزىپىمىزدۇر. ئومۇمەن قىلىپ

ئېيتقاندا، پەن-مەدەنىيەت قانچىكى تەرەققىي قىلسا، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت تەرەققىيات جەريانىنى باشقۇرۇش ئىختىدارى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ، ئادەملەرنىڭ ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش، ئۆزىنى كۈچەيتىش ئۆزىگە ئىشىنىش كۆز قارىشى بارغانسېرى ئېشىپ، ئادەمنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلەتمىدىغان، ئادەمنى ئىلاھىنىڭ، تەبىئەتنىڭ ۋە ھاكىمىيەتنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرىدىغان فېئوداللىق ئاڭ ۋە ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئىدىيىسى بارغانسېرى ئاجىزلىشىدۇ. مەملىكىتىمىز ئەسلىدە ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىپايان دېڭىزى بولۇپ، ھازىرمۇ «بىر مىليارت نوپۇسنىڭ 800 مىليونى يېزىدا». ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاستىدا فېئوداللىق ئىگىلىككە، كاپىتالىستىك ئىگىلىككە، ياكى بولمىسا سوتسىيالىستىك ئىگىلىككە بېقىنىدۇ. فېئودالىزم جەمئىيىتىدىن يېرىم فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە جەمئىيىتىگىچە بولغان ئارىلىقتا مەملىكىتىمىزنىڭ دېھقانلىرى ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن كاپىتالىستىك تۈزۈم ئاستىدىكى ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن پەرقلىنىپ، ئۇلار ئاساسەن، فېئودال ئىگىلىككە بېقىندى. ئۇلارنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى تۇرىدىغان كۈچلۈك تەلىپى ۋە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتەك ياخشى ئارزۇسى بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا فېئوداللىق ئىدىيىۋى ئاڭنىڭ چۈشكى ۋە تەسىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە ئىشچىلار، كادىرلار قوشۇنىغا قاتنىشىش ئارقىلىق فېئوداللىق ئاڭ ۋە ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئىدىيىسىنى ئىشچىلار، كادىرلار قوشۇنى ئىچىگە ئېلىپ كىردى. بۇ دېگەنلىك، سانى ئەڭ كۆپ بولغان جۇڭگو دېھقانلىرى ئەزەلدىنلا چوڭقۇر فېئوداللىق ئاڭغا ئىگە دېگەنلىك. ئەندى بۇنداق ھالەت ھازىرقى باسقۇچتا مەملىكىتىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەن بولۇشى، كۆپلىگەن كادىر ۋە ئىشچىلارنىڭ بىۋاستە دېھقانلار ئىچىدىن كەلگەنلىكى ھەمدە ئۇلاردا دېھقانلار ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر بولۇشتەك ئەھۋاللار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، بىزنىڭ ئىدىيە ساھەسىدە فېئودالىزمنىڭ تەسىرىنى تازىلاش ۋەزىپىمىز ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە جاپا مۇشەققەتلىك ۋەزىپە بولۇپ قالغان. پۈتۈن مىللەتنىڭ، بولۇپمۇ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ پەن تېخنىكا مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئىلمىي تەپەككۇر سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلمەي تۇرۇپ، فېئودالىزمنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىدىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلالمايمىز.

6. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسىي تۈزۈلمىدىكى ھەر خىل نۇقسانلار، بىر تەرەپتىن، فېئودالىزم ئىدىيىسىنىڭ قالدۇق تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، فېئودالىزم ئىدىيىسىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنىڭ ساقلىنىپ

تۇرۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

مەملىكىتىمىزنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىك تۈزۈمى ھەم كادىرلار تۈزۈمى جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق نۇقسانلار، بيۇروكراتىلىق، ھوقۇق ھەددىدىن تاشقىرى مەركەزلىشىپ كېتىش، ئائىلە باشلىقلىقى تۈزۈمى، رەھبەرلىك ۋەزىپىسىدىكى ئاقۋەندىلىك تۈزۈمى ۋە ھەر خىل ھەر شەكىلدىكى ئىمتىياز ھالەتلىرىدىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى فېئودالىزم تۈسىنى ئالغان. تۈزۈمنى كىشىلەر مۇئەييەن ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئورنىتىدۇ. سىياسىي تۈزۈلمىدىكى بۇنداق نۇقسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى، شۈبھىسىزكى، فېئوداللىق ئەنئەنىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەمما، تۈزۈم شەكىللەنگەن ئىكەن، ئۇ نىسپىي مۇقىملىققا بولىدۇ-دە، ئۆز نۆۋىتىدە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بىر خىل ئادەت كۈچىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭلاشقا سىياسىي تۈزۈلمىدىكى ھەر خىل فېئوداللىق تۈس ئالغان ھەر خىل نۇقسانلارنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشى، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: فېئودالىزمنى يېگىشتە «ھەم ئىدىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك، ھەم تۈزۈم مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، خەنزۇچە نەشرى، 290 - بەت). «فېئودالىزم قالدۇقلىرىنىڭ تەسىرىنى تازىلاشتىكى مۇھىم نۇقتا ھەقىقىي تۈردە ئىسلاھ ئېلىپ بېرىش ھەمدە پارتىيە ۋە دۆلەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، خەنزۇچە نەشرى، 296 - بەت). ئىدىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، جامائەت پىكرىنىڭ كۈچىگە، مائارىپنىڭ كۈچىگە، تەنقىد قورالىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى فېئودالىزمنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنى تازىلاش كېرەك. تۈزۈم مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، سىياسىي تۈزۈلمىدىكى فېئودالىزملىق تۈسكە ئىگە نۇقسانلارنى ئىسلاھ قىلىپ، فېئودالىزم قالدۇقلىرىنى ئەشۇ نەرسىلەرنىڭ يىلتىز تىرەپ تۇرالىشىغا ئاساس بولۇۋاتقان تۈزۈم جەھەتتىن تازىلاش لازىم. فېئودالىزمنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنى ئىدىيە جەھەتتىن تازىلىغاندا، ئاندىن سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى ئىدىيىۋى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۇنى ئىدىيىۋى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ؛ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلسا، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچلىرىنىڭ تەسىرىنى يىمىرىپ تاشلاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى يېڭىلاشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئەمەلىيەت جەريانىدا، بۇ ئىككىسىنى بىر - بىرىگە چىڭ باغلىشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە، فېئودالىـ

زىمنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى پۇت تىرەپ تۇرۇۋاتقان جايلارنى تازىلاش ئۈچۈن، يەنىلا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشقا، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ مۇكەممەللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ماركس، ئېنگېلس «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى» دېگەن ئەسەردە مۇنداق كۆرسەتتى: «ئاڭنىڭ بارلىق شەكىللىرى بىلەن ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى روھىي تەنقىد بىلەن يوقاتقىلى بولمايدۇ. ئۇلارنى ‹ئۆز ئېڭى› غا سىڭدۈرۈش ياكى ‹ۋەھىمە›، ‹غەلىتە كۆلەڭگە› گە ئايلاندۇرۇپمۇ يوقاتقىلى بولمايدۇ. پەقەت بارلىق مېتافىزىكىلىق سەپسەتىلەر تۇغۇلىدىغان رېئال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئەمەلىي رەۋىشتە ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىلا ئاندىن ئۇلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ» («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 3 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 43 - بەت).

فېئودالىزمنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنى تۈگىتىش — كۆپ قەۋەت، كۆپ قاتلاملىق سىستېمىلىق قۇرۇلۇش، بۇنىڭدا بىر تەرەپتىن، جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى ۋە ئىدىيىۋى تەربىيىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، پەن - تېخنىكا، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە توغرا كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىشقا، فېئودالىزم قالدۇقلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي شارائىتلارنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىشقا توغرا كېلىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەت — پايدىلىق ئامىللارنى گۈللەندۈرۈپ، زىيانلىق ئامىللارنى يوقىتىپ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارىدىغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان جەمئىيەت. بىز يۇقىرىقى بىر نەچچە تەرەپلەردىكى ۋەزىپىلەرنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيە، مەدەنىيەت، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ئورتاق تىرىشىدىغانلا بولساق، چوقۇم فېئودالىزمنىڭ ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتىكى تەسىرلىرىنى پەيدىنپەي تازىلاپ، يېقىنقى زامان تارىخىدىن بۇيان كېلىۋاتقان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بېشىدىكى ئېغىر نامراتلىق ۋە قالاقلىق بوقچىسىنى چۆرۈپ تاشلىۋېتەلەيمىز.

(ئادالەت توختى تەرجىمىسى)

# شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا بولغان تەسىرى

شيۇڭ يۇڭخۇي

(ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىۋى)

بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ ئاساسى بولغان نوپۇس — يالغۇز ماددىي بايلىقلارنى ياراتقۇچىلار ئەمەس، يەنە ماددىي بايلىقلارنى ئىستېمال قىلغۇچىدۇر. بىر دۆلەتتە نوپۇسنىڭ سانى، ساپاسى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى، شۇ دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئومۇميۈزلۈك ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، نوپۇس مەسىلىسى ھازىر دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر دۇچ كەلگەن ئەڭ زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. نوپۇس مەسىلىسى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئىپادىلىنىشى ئۇنىڭ ئىقتىساد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەڭ تۈپكى مەسىلىدۇر. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئارقىدا ئالغان، تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلمىغان سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان جۇڭگو ھازىر ھەر قايسى دۆلەتلەر دۇچ كېلىپ باقمىغان ئېغىر نوپۇس مەسىلىسىگە دۇچ كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، يولداش جاۋزىياڭ پارتىيىمىزنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدىكى دوكلاتىدا، يولداش لى پېڭ 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا بەرگەن ھۆكۈمەت خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىيات ستراتېگىيىسى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئېلىمىزدە نوپۇس مەسىلىسىنىڭ جىددىيلىكى ۋە نوپۇسنى كونترول قىلىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى قايتا - قايتا تەكىتلەپ كۆرسەتتى.

مەملىكەت بويىچە كۆپ مىللەتلىك ئەڭ چوڭ مەمۇرى رايون بولغان شىنجاڭنىڭ يەر كۆلىمى 1 مىليون 650 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت

ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى، نوپۇسى 14 مىليون 60 مىڭ بولۇپ پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 1.3% نى ئىگىلەيدۇ، دېمەك، بىر كۋادرات كىلومېتىر جايغا 8.5 ئادەم توغرى كېلىدۇ. مەملىكەت بويىچە نوپۇس زىچلىقىغا كەلسەك، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىرغا 7.5 ئادەم توغرا كېلىدۇ. بۇ سان چىڭخەي ۋە شىزاڭنىڭكىدىنمۇ سەل يۇقىرى. مەملىكەت بويىچە ئېيتقاندا شىنجاڭ «يېرى كەڭ، ئادىمى ئاز» رايونغا كىرىدۇ. شىنجاڭدا نوپۇس مەسىلىسى مەۋجۇتمۇ - يوق ؟ مەۋجۇت بولسا ئۇنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟ نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى كونترول قىلىش كېرەكمۇ - يوق ؟

بىرىنچى، شىنجاڭ ئازادلىقتىن كېيىن نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئەڭ تېز بولغان رايون.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى ئىنتايىن قالاق بولۇش بىلەن تەڭ نوپۇسنىڭ ئېشىشىمۇ ناھايىتى ئاستا ئىدى. 1902 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بولغان 47 يىل ئىچىدە، شىنجاڭنىڭ نوپۇسى 2 مىليون 70 مىڭدىن 4 مىليون 330 مىڭغا كۆپىيىپ، ئاران 2 مىليون 260 مىڭ كىشى كۆپەيگەن، يەنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 15.84% ئاشقان. ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭدا ئېكىسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ يوقىلىشى، كەڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشى، داۋالاش ۋە سەھىيە ئىشلىرىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، نوپۇس مىسلىسىز تېز ئاشتى. 1949 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان 35 يىل ئىچىدە، 4 مىليون 330 مىڭدىن 13 مىليون 440 مىڭغا يېتىپ ئىلگىرىكىدىن 2.1 ھەسسە كۆپەيدى. دېمەك، ساپ قوشۇلغان نوپۇس 9 مىليون 100 مىڭدىن كۆپرەك بولۇپ، ھەر يىلى تەخمىنەن 32.9% ئېشىپ باردى. ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئېشىش سۈرئىتىدىن 1 ھەسسىدىن زىيادىراق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شۇ مەزگىلدىكى 18.93% كۆپىيىش سۈرئىتىدىنمۇ زور دەرىجىدە ئارتۇق. دېمەك بۇ، شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نوپۇسى ئەڭ تېز ئاشقان رايون ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ساپ كۆپەيگەن 9 مىليون 100 مىڭ نوپۇس ئىچىدە، مېخانىكىلىق ھالدا كۆپەيگىنى 32.5% نى، تەبىئىي ھالدا كۆپەيگىنى 67.5% نى تەشكىل قىلىدۇ. سىرتتىن كۆچۈپ كەلگەن نوپۇس پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ 1/5 نى تەشكىل قىلىدۇ، ئەلۋەتتە ئۇلار شىنجاڭنى ئېچىش ۋە قۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

35 يىلدىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ ئېشىشى ناھايىتى تېز بولدى. ئالايلى، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسى 1949 - يىلدىكى 4 مىليون 40 مىڭدىن 1984 - يىلى 8 مىليون 90 مىڭغا كۆپىيىپ بۇرۇنقىدىن بىر ھەسسىدىن زىيادىراق ئاشتى. ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ئومۇمەن خەنزۇ نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. موڭغۇل ۋە قازاق مىللەتلىرىنىڭ نوپۇس تەرەققىياتىدىكى ئۇزۇندىن بۇيان بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ھەتتا ئېغىر دەرىجىدىكى چېكىنىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. موڭغۇللارنىڭ نوپۇسى 1.3 ھەسسە، قازاقلارنىڭ نوپۇسى 1.1 ھەسسە كۆپەيدى. خۇيزۇلار نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى ئەڭ تېز بولۇپ 3.8 ھەسسە ئاشتى، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 87% كۆپەيدى؛ مانا بۇ رەقەملەر شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ گۈللەپ - ياشناۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 61.4% نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ 45.5% نى، خەنزۇلارنىڭ بولسا 38.6% نى تەشكىل قىلىدۇ. شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى 5 ئاپتونوم رايون ئىچىدە شىزاڭدىن قالسىلا خەنزۇلارنىڭ نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن رايوندۇر.

شىنجاڭنىڭ نوپۇسى 1949 - يىلدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.8% ىنى ئىگىلەشتىن ھازىرقى 1.3% نى ئىگىلەشكە ئۆستى.

ئىككىنچى، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ياش قۇرۇلمىسى، مەملىكەت بويىچە ياش قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىش يۆلىنىشى بىلەن قارىمۇ - قارشى ھالەتتە. مەملىكەت نوپۇسىنىڭ ياش قۇرۇلمىسى، تىپىك ھالەتتىكى ياشلارنىڭ كۆپىيىش تىپىدىن ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشىغا قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. 0 - 14 ياشقىچە بولغان ئۆسمۈرلەر نوپۇسىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىمەكتە. ئالايلى، ئۆسمۈر باللار 1964 - يىلى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 40.7% نى تەشكىل قىلسا، 1982 - يىلى 33.6% نى، 1987 - يىلغا كەلگەندە 28.7% نى تەشكىل قىلدى. دېمەك 23 يىل ئىچىدە 12% گە تۆۋەنلەپ كەتتى. مۇناسىۋەتلىك ياش قورامىدىكى توپ سان ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ باردى. ئالايلى، 1969 - يىلى 22.9 غا، 1987 - يىلى بولسا 24.2 گە ئۆزگىرىپ، توپ - توغرا 4 ياش يۇقىرىلىدى. ۋەھالەنكى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، نوپۇسنىڭ ياش قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز تۈردە ياشلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلمەكتە. يەنى تۆۋەن دەرىجىلىك كۆپىيىش تىپىدىن ئوتتۇرا دەرىجىلىك كۆپىيىش يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلانماقتا. ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆپىيىش نىس-

بىتى ئۈزلۈكسىز يۇقىرىلىماقتا. 1953 - يىلى 34.52% پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن 6.27% تۆۋەن بولسا، 1982 - يىلى 39.5% كە ئۆرلەپ، ياش قۇرۇلمىسىدىكى توپ سان ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىمىدى. يەنى 1953 - يىلىدىكى 22.92 دىن (بۇ مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە يېشىدىن 0.22 زىيادە) 1982 - يىلىدىكى 19.54 ياشقا تۆۋەنلەپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە يېشىدىن 3.37 كېمەيدى. بۇ، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ يېشى 20 دىن تۆۋەن بولۇپ، كەلگۈسىدە نىكاھلىنىپ پەرزەنت كۆرگۈچىلەرنىڭ نىسبىتى زور ئىكەنلىكىنى، نوپۇس ئېشىشىنىڭ يوشۇرۇن ئامىلى چوڭ ۋە دەھشەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ هال شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا، جۈملىدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا چوقۇم تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى، شىنجاڭدا نوپۇس جۇغراپىيەلىك تارقىلىش ۋە مەركەزلىشىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىرغا 5.7 تىن ئادەم توغرا كەلسە، شىنجاڭدا 8.5 ئادەم توغرا كېلىدۇ. دېمەك، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا «شىنجاڭدا يەر كۆپ، ئادەم ئاز». شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ئەڭ زور قۇرۇقلۇق رايون. بۇ يەردىكى قۇملۇق، چۆللۈك، سايلىقنىڭ كۆلىمى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، رايون ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 60% دىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. تەبىئىي مۇھىت شارائىتى ناچار. بىزگە مەلۇم ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە ماس كېلىدىغان جاي — سۇ مەنبەسىگە ئىگە بوستانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋەھالەنكى شىنجاڭدا بوستانلىقنىڭ كۆلىمى ئىنتايىن چەكلىك بولۇپ، پۈتۈن يەر كۆلىمىنىڭ ئاران 3% نى ئىگىلەيدۇ — يەنى 50 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىنلا ئىبارەت. مانا بۇ يەرگە شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ 98% تىدىن ئارتۇقىراقىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاھالە مەركەزلەشكەن. 1982 - يىلى ئۈچىنچى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا شىنجاڭدىكى بوستانلىقلارغا جايلاشقان ئاھالىنىڭ زىچلىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كۋادرات مېتىرغا 262 دىن توغرا كەلگەن؛ بۇ سان خۇنەن، خۇبېي ئۆلكىلىرىدىكى ئاھالىنىڭ ئوتتۇرىچە زىچلىقىدىن سەل زىيادىراق. بەزى بوستانلىقلاردىكى ئاھالىنىڭ زىچلىقى مەملىكەت بويىچە ئاھالىسى ئەڭ زىچ بولغان رايونلارنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. ئالايلى، تۇرپان بوستانلىقىدىكى ئاھالىنىڭ زىچلىقى ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىرغا 365 كىشىدىن توغرا كېلىدۇ، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ بوستانلىق قەشقەردە ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىرغا 475 كىشىدىن توغرا كېلىدۇ. شىخەنزە شەھىرىدە بىر كۋادرات كىلومېتىرغا 1195 كىشىدىن توغرا كېلىدۇ، بۇ سان بېيجىڭ ۋە تيەنجىن

شەھەرلىرىدىكى ئاھالە زىچلىقىدىنمۇ يۇقىرى. شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تەرەققىياتىدا
مۇھىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئويلاشماي، شىنجاڭدىكى بوستانلىقنىڭ سىغىمچانلىقىنى
ھېسابقا ئالماي زادى بولمايدۇ. نوپۇسنىڭ ھەددىدىن زىيادە توپلىنىشى، مۇقەررەر
سۈرئەتتە ئىنسانىيەتنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئىقتىسادىي پائالىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقى-
رىپ، بوستانلىقنىڭ ئېكولوگىيىلىك شارائىتىنى ناچارلاشتۇرۇدۇ ياكى بۇزىدۇ.
بۇ ھال. شىنجاڭ ئاھالىسىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى پايانلىق
جايدىن مەھرۇم قىلىدۇ، ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.
تۆتىنچى، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ مەدەنىي سۈپىتى تۆۋەن بولۇپ، تۆتنى زامان-
ىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ.
گەرچە، شىنجاڭ نوپۇسىدا ساۋاتسىز ۋە يېرىم ساۋاتسىزلارنىڭ نىسبىتى
پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە نىسبىتىدىن تۆۋەن، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن
مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بول-
سىمۇ. لېكىن بۇنىڭغا ئاساسلىنىپلا شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ مەدەنىيەت سۈپىتى يۇقىرى
دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقا بولمايدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن ۋە ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا
شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى مەملىكەتنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى
رايونلارنىڭكىدىن خېلى تۆۋەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە
سەۋىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا مەلۇم پەرق ساقلانماقتا. 1982 - يىلدىكى 3 - قې-
تىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، شىنجاڭدا باشلانغۇچ مەكتەپ
مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن تۆۋەنلەر بىلەن ساۋاتسىز ۋە يېرىم ساۋاتسىزلارنىڭ سانى
پۈتۈن شىنجاڭدىكى 6 ياشتىن يۇقىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ % 71.35 ئىگىلەيدۇ.
ھەر مىڭ ئادەم ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن يۇقىرىلار 70.65
بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئوتتۇرىچە نىسبەت بىلەن ئالاھەزەل ئوخشاش. لېكىن،
ھەر مىڭ ئادەم ئىچىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 4.67 بولۇپ، پۈتۈن مەمل-
ىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە ھېسابتىكى 6.17 ساندىن خېلىلا تۆۋەن. بولۇپمۇ، ئىجتىمائىي
ئىشلەپچىقىرىشقا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىشتىكى ئادەملەرنىڭ مەدەنىيەت
سەۋىيىسى تېخىمۇ .دېگۈدەك ئەمەس؛ يەنى، ئىشتىكى نوپۇس ئىچىدە ئالىي مەكتەپ
سەۋىيىسىگە ئىگىلەر %1 گىمۇ يەتمەيدۇ (ئاران %0.98 گە بارىدۇ)؛ تولۇق ئوت-
تۇرا مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگىلەرمۇ ئاران %9.7 نى ئىگىلەيدۇ؛ باشلانغۇچ
مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيەسىدىن تۆۋەنلەر، ساۋاتسىز ۋە يېرىم ساۋاتسىزلارنىڭ
نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، %43.87 كە بارىدۇ. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان
نوپۇس %75 نى تەشكىل قىلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ مەدەنىيەت

سەۋىيىسىگە كەلسەك، تېخىمۇ تۆۋەن. مەسىلەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر 0.42% نى، ساۋاتسىز ۋە يېرىم ساۋاتسىزلار 41.29% نى تەشكىل قىلدى. دېمەك، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 95% تىن يۇقىرىراقىنى تولۇقسىزدىن تۆۋەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كىشىلەر بىلەن ساۋاتسىز ۋە يېرىم ساۋاتسىزلار تەشكىل قىلىدۇ. مانا بۇ رايونىمىزدا ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى قىممىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ناچار بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبتۇر. مەدەنىيەتنىڭ بۇ خىل ھالىتى بىر ياقتىن، ئىقتىسادىي قالاقلىقنىڭ ئىنكاسى بولسا، يەنە بىر ياقتىن، ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تىزگىنلەيدىغان ئامىلدىن ئىبارەتتۇر.

شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۆز ئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر بېرىدۇ، شىنجاڭنىڭ نوپۇس مەسىلىسىنى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىش — شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنداق بولسا، شىنجاڭدا نوپۇسنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا قانداق تەسىرى بار؟

بىرىنچى، شىنجاڭدا نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن يۇقىرى بولغاچقا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كىچىكلىمەستىن بەلكى چوڭايماقتا.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان 1955-يىلدىن 1985-يىلغىچە بولغان 30 يىل ئىچىدە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا ناھايىتى چوڭ نەتىجىلەر قولغا كەلدى. سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 8.65 ھەسسە ئاشتى. ئەمما، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى تەرەققىياتى شىنجاڭنىڭكىدىن تېز بولدى، مەملىكەت بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 12.03 ھەسسە ئاشتى. شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىگە نىسبەتەن ئىلگىرىكى 1.29% تىن تۆۋەنلەپ 1% گە چۈشۈپ قالدى، لېكىن بۇ مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ نوپۇسى 166%، مەملىكەت نوپۇسى بولسا 70% كۆپەيدى. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن تۆۋەن، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن تېز بولغان ئەھۋال ئاستىدا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان نىسبىتى بويىچە ئالغاندا، شىنجاڭ بىلەن پۈتۈن

مەملىكەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يىلدىن-يىلغا چوڭايماقتا (جەدۋەل 1-گە قاراڭ). 1955-يىلى شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنىڭ قىممىتى 279.80 يۈەن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 180.45 يۈەندىن 99.35 يۈەن يۇقىرى ئىدى. ۋەھالەنكى، 1978-يىلغا كەلگەندە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 585.29 يۈەنگە ئۆرلىدى. شىنجاڭنىڭ 484.74 يۈەن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن 100.55 يۈەن كېمىيىپ كەتتى. 1980-يىلدا بولسا، شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن 171.49 يۈەن كەم بولدى. 1985-يىلغا كەلگەندە مەملىكەتنىڭ 1275.78 يۈەنگە يەتكەن بولسا، شىنجاڭنىڭ پەقەت 910.70 يۈەن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن 365 يۈەندىن كۆپرەك ئاز بولدى.

شىنجاڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىر نەچچە يىللىق نوپۇس ھەم
ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى (1)

| يىل | | سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي قىممىتى (10 مىليون يۈەن) | ئومۇمىي نوپۇس (10 مىڭ ئادەم) | كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | | (يۈەن ئادەم) | شىنجاڭ بىلەن مەملىكەتنىڭ سېلىشتۇرمىسى |
| 1955-يىل | شىنجاڭ | 14.32 | 511.78 | 279.80 | 99 يۈەن |
| | پۈتۈن مەملىكەت | 1109 | 61465 | 180.45 | 35 يۈەن |
| 1978-يىل | شىنجاڭ | 59.77 | 1233.01 | 484.75 | 100.55 يۈەن |
| | پۈتۈن مەملىكەت | 5634 | 96259 | 485.29 | تۆۋەن |
| 1980-يىل | شىنجاڭ | 70 | 1283.24 | 545.49 | 171.49 يۈەن |
| | پۈتۈن مەملىكەت | 7077 | 98705 | 716.98 | تۆۋەن |
| 1985-يىل | شىنجاڭ | 123.96 | 1361.14 | 910.70 | 365.08 يۈەن |
| | پۈتۈن مەملىكەت | 13336 | 104532 | 1275.78 | تۆۋەن |

يېقىنقى سانلار «جۇڭگو ستاتىستىكا يىلنامىسى» ۋە «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ 1986 - يىللىق توملىرىدىن ئېلىندى.

بىز كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى ئۈنۈملۈك ھالدا كونترول قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، شىنجاڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئازايتىپ، تەرەققىي قىلغان رايونلارغا يېتىشىۋالغىلى، تارىختىن قېپقالغان ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىدەك ھالەتنى تۈگىتىپ، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق گۈللەپ - ياشنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، شىنجاڭدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كۈندىن - كۈنگە ئازايماقتا.

يەر بايلىقى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسلىق ماددىي شارائىت ھېسابلىنىدۇ، تېرىلغۇ يەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سانى ئىنسانىيەت ئوزۇقلۇقىنىڭ كېپىللىك دەرىجىسىنى بەلگىلەيدۇ، ئۇنىڭ دۆلەت پىلانى بىلەن خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا ئۈزلۈكسىز بوز يەر ئېچىلىپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ھەسسىلەپ - ھەسسىلەپ ئاشتى. ئالايلى، 1984 - يىلى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 47 مىليون 290 مىڭ موغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 2.11 ھەسسە ئاشتى. لېكىن، ئوخشاش مەزگىلدىكى نوپۇس 49 - يىلدىكىدىن 3.20 ھەسسە ئېشىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4.19 مو (1965 - يىلى 6.56 مو) دىن 3.52 موغا تۆۋەنلىدى. دېمەك، كىشى بېشىغا 0.67 مو دىن يەر ئازايدى. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئازايغانلىقى ھەمدە بەزى مەزگىللەردە نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى ئاشلىقنىڭ كۆپىيىش نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق مىقدارىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. مەسىلەن، 1982 - يىلى ئاشلىق مەھسۇلاتى 1964 - يىلدىكىدىن 58.29 % ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەزگىلدە نوپۇس 79.9 % ئېشىپ كەتتى. نەتىجىدە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 705 جىڭدىن 615 جىڭغا تۆۋەنلىدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى ئاستىلىغانلىقتىن، ئاشلىق مەھسۇلاتى نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىدىن زور ھەجىمدە ئېشىپ كەتتى. ئاشلىقنىڭ ئېشىشىمۇ بىر قەدەر تېز بولدى، 1987 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق مەھسۇلاتى 796.58 جىڭغا يېتىپ، دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە يېقىنلاشتى. لېكىن، ئاشلىق ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشكە خېلى مۇساپە بار.

ئۈچىنچى، شىنجاڭدا نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىشى — چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش يولىدىكى ئاساسلىق توسالغۇلىرىنىڭ بىرى.

شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە 2 - چوڭ چارۋىچىلىق رايونى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چارۋىچىلىق — شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىشى. ئازادلىقتىن كېيىن، گەرچە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە نۇرغۇنلىغان چارۋىچىلار نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى نوپۇسنىڭ كۆپەيگەنلىكىدۇر.

1949 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى چارۋىنىڭ سانى ئىككى ھەسسە ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سانى 2.4 دىن 2.25 كە تۆۋەنلەپ كەتتى. مۇشۇنداق بىر چوڭ چارۋىچىلىق رايونىدا گۆش بىلەن تەمىنلەش ھازىرغىچە جىددىي بىر مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 22 چارۋىچىلىق ناھىيىسىدىن ئېلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندا، 1964 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە، چارۋا سانى ئاران 12.5% كۆپەيگەن بولسا، نوپۇس 131.4% كۆپەيدى. دېمەك، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى چارۋا مالنىڭكىدىن 10.5 ھەسسە تېز بولدى، چارۋىچىلىق ناھىيىلىرىدە چارۋىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سانى ئىلگىرىكى 10.7 دىن 5.2 گە تۆۋەنلىدى. دېمەك، تۆۋەنلەش نىسبىتى 48.5% بولدى. بۇ ھال چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. يەنە مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنى مىسالغا ئالساق، 1986 - يىلى ناھىيىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، گەرچە 1949 - يىلدىكىگە قارىغاندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 48 ھەسسە ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ 37 يىل ئىچىدە نوپۇس 20 مىڭدىن بىراقلا 80 مىڭغا يېتىپ، ئىككى قاتلاندى. ۋەھالەنكى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېشىش نىسبىتى ناھايىتى ئاز بولدى، ھەتتا بەزىلىرى تۆۋەنلىدى. بۇ ھال، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى. ناھىيىنىڭ يىللىق مالىيىسىدە چىقىم كىرىمدىن زىيادە بولۇپ، دۆلەتنىڭ ياردىمى بىلەن كۈن كەچۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

تۆۋەندىكى ماتېرىيال «غەربىي شىمال نوپۇسى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى.

تۆتىنچى، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن مۇھىتىنى قوغداش ئوتتۇرىسىدىمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان زىددىيەت ساقلانماقتا.

مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان
يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى جەدۋىلى (2)

| تۈرلىرى | بىرلىكى | 50 ـ يىللار (1) | 60 ـ يىللار | 70 ـ يىللار | 80 ـ 82 ـ يىللار (2) | (2) نىڭ (1) % |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى | يۈەن/ئادەم | 402 | 305 | 218 | 263 | 65.4 |
| ئاشلىق | جىڭ/ئادەم | 1120 | 747 | 771 | 691 | 61.6 |
| مايلىق | جىڭ/ئادەم | 37 | 13 | 24 | 27 | 12.9 |
| چارۋا | تۇياق/ئادەم | 5.7 | 5.5 | 3.8 | 4.1 | 71.9 |

بەزىلەر، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ. بايلىقى ناھايىتى مول، مۇھىتىنىڭ نوپۇسنى سىغدۇرۇشچانلىقى چوڭ. شۇڭا بىر قانچە يۈز مىليون ئادەمنى بېقىپ كېتىشتە گەپ يوق، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراش بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلمىي ئاساسى كەم، چۈنكى ئۇلار، بىرىنچىدىن، شىنجاڭدىكى ھەر خىل بايلىق شارائىتلىرىنىڭ ئومۇملىشىش ئەھۋالىنى كونكرېت ۋە ئەتراپلىق تەھلىل قىلمايدۇ. مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ قۇرغاق رايون بولغان شىنجاڭدا ھەر خىل تەبىئىي بايلىقلار ھەقىقەتەن مول، لېكىن، سۇ بايلىقى يېتەرلىك ئەمەس. قۇرغاق رايوندىكى ھەر خىل تەبىئىي بايلىقلار ئىچىدە، ئىجتىمائىي ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بايلىق سۇ بايلىقىدۇر، سۇ بولمىسا، بوستانلىق بولمايدۇ؛ سۇ بولمىسا، بوستانلىق دېھقانچىلىقى ۋە بوستانلىق ئىقتىسادى مەۋجۇت بولمايدۇ؛ سۇ بولمىسا، باشقا ئىقتىسادىي كەسپلەرنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. سۇ — شىنجاڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ جان تومۇرى ھەم نوپۇس سىغىمچانلىقىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل. دېمەك، سۇ — شىنجاڭنىڭ نوپۇس ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ئالدىنئالا ئويلاشمىسا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلە. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرى چىقارغان ئىلمىي ھۆكۈمدە: قۇملۇق ۋە قۇرغاق رايونلاردا ھەر بىر كىۋادرات كىلومېتىر زېمىنغا توغرا كېلىدىغان ئادەم سانى 15 تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك، دەپ قەيت قىلىنغان. مۇشۇنداق ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىغاندا، شىنجاڭنىڭ نوپۇسىنى 25 مىليوننىڭ ئاستىدا كونترول

قىلىش كېرەك. گەرچە بۇنى شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ بىردىنبىر چېكى قىلىشقا بولمىسىمۇ، لېكىن، شىنجاڭدا بىر قانچە يۈز مىليون ئاھالىنى بېقىش كەتكىلى بولىدۇ، دېگەن قاراش قارىغۇلارچە قاراش. ئىككىنچىدىن، كۆمۈلۈپ ياتقان بايلىق ئۇستۇنلۇكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈك بىلەن ھەرگىز تەڭ قويغىلى بولمايدۇ. دەرۋەقە، بايلىقلارنىڭ ئېچىلىپ پايدىلىنىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇھىتى مۇناسىپ ھالدا نوپۇسنىڭ سىغىمچانلىقىنى ئۆستۈرىدۇ. لېكىن، بۇنداق ئۆسۈش چەكسىز بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، بايلىقلارنى ئېچىپ پايدىلىنىش دەرىجىسى، مۇقەررەر سۈرەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، شۇڭا، مۇھىتنىڭ نوپۇسنى سىغدۇرۇشچانلىقىمۇ تەبىئىي رەۋىشتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. مۇھىتنىڭ نوپۇسنى سىغدۇرۇش جەھەتتە يوشۇرۇن كۈچى بار. لېكىن، ئۇ كەلگۈسىگە تەۋە ئىش. نوپۇس تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى ۋە دائىرىسى چوقۇم ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسىگە مۇۋاپىق كېلىشى ھەم مۇھىت بىلەن ماسلىشىشى كېرەك. بۇ دېگەنلىك، نوپۇسنىڭ كۆلىمى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ۋە مۇقىملىقنى بۇزمايدىغان چەك ئىچىدە بولسا، ئاندىن بايلىقتىن مەڭگۈ پايدىلىنىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تەرەققىيات كۆلىمى ھازىرقى بوستانلىق ئېكولوگىيىسىنىڭ سىغىمچانلىقىدىن تار بولۇشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، بىز مۇشۇنداق بىر رېئاللىققا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، ھازىر شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تەرەققىيات كۆلىمى مەلۇم سەۋىيىدىن ئېيتقاندا، بوستانلىق مۇھىتنىڭ سىغىمچانلىقىدىن ئاللىقاچان ئېشىپ كەتتى؛ بوستانلىقلارغا زىچ توپلاشقان نوپۇسنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئىقتىسادىي پائالىيىتى، مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ خەلقى بىر ياقتىن قاقاس چۆللۈكلەرنى بوستانلىققا ئايلاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن، قۇملۇقلار كېڭىيىۋەردى، ئاز بولغاندا 40 — 30 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر قۇملۇق كۆپەيدى، قۇملۇقلار ئىلگىرىلەپ ئادەملەر چېكىنىدىغان ھالەت ئوڭشالمىدى. ئورمانلارنىڭ كۆلىمى 80 مىليون مو كېمەيدى. يايلاقلار بۇزۇلدى. تۇپراق شورلىشىش ۋە بۇزۇلۇش قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ ئىنتايىن ئېغىر بولدى. بۇ ھال شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە خەۋپ يەتكۈزۈپ قالماستىن، ھەتتا شىنجاڭنىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىش ياكى زاۋاللىققا يۈزلىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭنىڭ ناھايىتى ئاجىز بولغان قۇرغاق چۆللۈك ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسى ناۋادا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرمەك تولىمۇ تەسكە توختايدۇ. بۇرۇنقى كىشىلەر تەبىئەت قانۇنىيىتىگە سەل

قاراپ، ئاخىرىدا قوملۇقلا تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنىپ ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلغان تارىخىي ساۋاقنى زادى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. بىز ئىنسانىيەتنىڭ كۆپىيىشىنى قەتئىي كونترول قىلىپ، ئادەم بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم. بۇ ھەقىقەتەن «ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە».

يۇقىرىدىكى تەھلىللەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «يەر كەڭ، ئادەم ئاز» بولغان شىنجاڭدا، نوپۇس ئىقتىسادىدىن ئىبارەت مۇھىم مەسىلە ئىنتايىن ئۆتكۈر بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قاتتىق چەكلىمەكتە. شۇڭا، شىنجاڭدىمۇ نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى چوقۇم كونترول قىلىپ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئاممىسى ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش لازىم. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا، مەركەزنىڭ (1984) 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت مەسىلىسىگە قارىتا ئەقىلگە مۇۋاپىق سىياسەت تۈزۈش لازىم» دېگەن مەزمۇنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش لازىم. ... نوپۇسنىڭ پىلانسىزلىقىدىن ساقلىنىش لازىم» دېگەن قارار چىقىرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇغۇت سىياسىتىگە ئائىت تەكلىپ دوكلاتىنى سۇندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى (1985) 13 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە بۇ دوكلاتنى تەستىقلىدى. ھازىرقى ۋەزىيەت — پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئالدىنقى بىر نەچچە يىللىق خىزمەت ئاساسىدا شىنجاڭنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش، ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مۇھىمى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ھەقىقىي رەۋىشتە قانات يايدۇرۇش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى ئۈنۈملۈك ھالدا كونترول قىلىپ، ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرغىلى، ئۇلارنى ئۆز ئارا ئىلگىرى سۈرگىلى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

نېمە ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ئىچىدىمۇ پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلىدۇ؟ بۇ، شىنجاڭنىڭ نوپۇس ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇناسىۋىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. خەنزۇلار ئاھالىسى ئىچىدە كۆپ يىلدىن بۇيان پىلانلىق تۇغۇت قەتئىي يولغا قويۇلغانلىقتىن، تۇغۇش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشتى.

بۇ نىسبەتنىڭ يەنە تۆۋەنلەش ئېھتىمالى ئانچە چوڭ ئەمەس. 1984 - يىلنى مىسالغا ئالساق، شىنجاڭدىكى خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ تۇغۇت نىسبىتى 9.91%، تەبىئىي كۆپەيىش نىسبىتى 7.14 ئىدى؛ مەملىكەت بويىچە يۇقىرىقى ئىككى خىل كۆرسەتكۈچ ئايرىم - ئايرىم ھالدا 17.5% ۋە 10.81 بولغان يەردە، شىنجاڭنىڭ 19.87% ۋە 13.39 ئىدى. شىنجاڭدىكى خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە كۆپىيىش سەۋىيىسىدىن كۆپ تۆۋەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىنمۇ روشەن تۆۋەن. 1985 - يىلى شىنجاڭدا 1984 - يىلدىكىگە قارىغاندا 170 مىڭ 600 ئادەم كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ سانى 167 مىڭ 600 بولۇپ، كۆپەيگەن سانىنىڭ 98.24 نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ بۇندىن كېيىنكى كۆپىيىش ۋە تەرەققىيات كۆلىمىدە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇغۇت نىسبىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ پىلانسىزلىقىدىن ساقلىنىپ كۆپىيىشىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ئۈچۈن خەنزۇلار ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى قەتئىي يولغا قويۇشتىن باشقا، يەنە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئازسانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئېقىلغا مۇۋاپىق پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويۇش زۆرۈر.

ئازسانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويۇش — رايونىمىزنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى كۆرەش نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە. ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۆلچەر قىلىشىچە، ئەگەر، خاسلا خەنزۇلار ئاھالىسى ئىچىدە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇپ، ئازسانلىق مىللەت نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى كونترول قىلمىسا، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي تۇغۇت نىسبىتى ھازىرقى 3.89 سەۋىيىسىنى ساقلىغان تەقدىردىمۇ، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى 21.5% بولۇپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئەسلى بېكىتكەن 17 مىليون 700 مىڭدىن ھالقىپ، 20 مىليون 370 مىڭغا يېتىپ بارىدۇ. شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىككى قاتلىنىپ، قىممەت 420 مىليارت يۈەنگە يەتكەن تەقدىردىمۇ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مەھسۇلات قىممىتى 2000 يۈەن ئەتراپىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ ھالدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئوتتۇرا ھال تەرەققىي قىلغان رايونلارغا يېتىشىۋېلىش كۆرەش نىشانىمۇ سۇغا چىلىشىدۇ. ئەگەر، 1990 - يىلى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي تۇغۇت نىسبىتى 2.75 كە چۈشۈرۈلۈپ مۇقىملاشسا، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى

1.89% ئەتراپىدا كونترول قىلىنىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئومۇمىي نوپۇسى 18 مىليون 350 مىڭغا يېتىپ بېرىپ ئەسلى بېكىتىلگەن ساندىن 650 مىڭ كىشى ئېشىپ كېتىدۇ؛ شۇڭا، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي تۇغۇت نىسبىتىنى 2:4 ئەتراپىغا چۈشۈرۈپ، نوپۇسنىڭ يىللىق كۆپىيىشىنى 16.6% دە كونترول قىلغاندىلا ئاندىن نوپۇس نىشانى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. كۆرۈشكە بولىدۇكى، شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى ۋە تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويۇش شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىدە ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك تەسىرگە ئىگە.

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ مەركىزى ۋە قىيىن نۇقتىسى يېزىلاردا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ قانداق بولۇشى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، مەملىكىتىمىز نوپۇسى ئىچىدە يېزا نوپۇسىنىڭ نىسبىتى ناھايىتى چوڭ، ئىككىنچىدىن، يېزىلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتى قالاق، بالدۇر توي قىلىش، كۆپ پەرزەنت كۆرۈشتىن ئىبارەت ئەنئەنىنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر؛ ئۈچىنچىدىن، يېزىلاردا نوپۇس، ئىقتىسادىي مەسىلىسى تېخىمۇ ئۆتكۈر. شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق رايونلىرى ئازسانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار، شۇڭا، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىنى كونترول قىلىشتىمۇ، ئازسانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويۇش لازىم.

ئازسانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلغاندا ئازسانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ ئازىيىشىنى ياكى ئۇنىڭ ئومۇمىي نوپۇستىكى نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرامدۇ؟ ئۇنداق بولمايدۇ، چۈنكى، ئازسانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا يولغا قويۇلغان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى خەنزۇلارغا قارىتىلغان سىياسەتكە نىسبەتەن كەڭرەك بولغاچقا، ئازسانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى جەزمەن خەنزۇلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. شۇنداقلا، ئازسانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ پەرق بولغاچقا، رايونلارغا قاراپ ئوخشاشمىغان تۇغۇت سىياسىتى يولغا قويۇلىدۇ. دېمەك، بۇ سىياسەتنىڭ ئومۇمىي روھى، ھەر قايسى ئازسانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ پىلانلىق ھالدا كۆپىيىشىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا شەھەر-بازارلاردا بىر جۈپ ئەر-خوتۇن 2 پەرزەنت كۆرۈش، يېزىدا 3 پەرزەنت كۆرۈش، چەت، ياقا، تاغلىق جاي ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا

4 پەرزەنت كۆرۈشتىن ئىبارەت «2، 3، 4 لىك» تۇغۇت سىياسىتى يولغا قويۇلىدۇ. بەزى بىر ئالاھىدە ئەھۋاللارغا قارىتا تېخىمۇ كەڭ بەلگىلىمە چىقىرىلدى. پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۆلچەرلىشىگە قارىغاندا، 2000-يىلىغا بارغاندا شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 11 مىليونغا يېتىدىكەن. بۇ سان 1985-يىلدىكىگە قارىغاندا 33% ئارتۇق. ئازسانلىق مىللەتلەر نوپۇسى بۇرۇنقى 59% تىن 62% گە كۆتۈرۈلىدىكەن. ھەر قايسى ئازسانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى يەنىلا خەنزۇلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. مەسىلەن، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مىللەت ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى ئازاتلىقتىن كېيىنكى ئوتتۇرىچە كۆپىيىش سەۋىيەسىدىنمۇ يوقىرى بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇستىكى 45% تىن 48% ئەتراپىغا كۆتۈرۈلىدۇ.

ئازسانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ گۈللەپ-ياشنىشىغا تەسىر كۆرسىتەمدۇ؟ چەتئەل ۋە جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخىدىن قارىغاندا، ھەر قايسى دەۋرلەردە نىسبەتەن گۈللەنگەن مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ نوپۇسى بىلەن ئىقتىسادىي ماس ھالدا تەرەققىي قىلغان، ئۆز ئارا مۇۋاپىقلاشقان، ۋە بىر-بىرىنى تولۇقلىغان، مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ گۈللەپ-ياشنىشىغا چوقۇم مۇئەييەن نوپۇس ۋە نوپۇس زىچلىقى ئاساس بولىدۇ، لېكىن، نوپۇسنىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇشى مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنىڭ بىردىن-بىر بەلگىسى ياكى مۇھىم بەلگىسى ئەمەس. بولۇپمۇ، پەن-تېخنىكا يوقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى دۇنيادا، بىرەر مىللەت ياكى بىرەر دۆلەتنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقى، گۈللىنىش ۋە تەرەققىيات سەۋىيەسى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ نوپۇس سانى بىلەن ئۆلچەنمەستىن، بەلكى پەن-تېخنىكا قۇۋۋىتىنىڭ ئىلغارلىق سەۋىيەسى، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتىنىڭ دۇنيادىكى ئورنى، شۇنداقلا پۈتۈن ئاھالىنىڭ سۈپىتى، ھەمدە ئۇلاردىكى ھازىرقى زامان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى قاتارلىقلار ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. مۇشۇنداق شەرتلەر ئاستىدا، نوپۇسى ئاز بولغان مىللەت ياكى دۆلەتمۇ مىللەتنىڭ گۈللەپ-ياشنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، پەن-تېخنىكىسى قالاق، ساۋاتسىزلار تولۇپ تاشقان، سۈپىتى ناچار مىللەتنىڭ ئاھالىسى چوقۇم ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يۈكى بولۇپ قالىدۇ. ھازىر جۇڭگو نوپۇس سانىنى زور كۈچ بىلەن كونترول قىلىپ، نوپۇسنىڭ كۆپ بولۇشىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي

تەرەققىياتىغا بولغان ئېغىر بېسىمىنى پەسەيتەمەكتە. نوپۇس سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى چەكلىمەكتە. ئەمگەكچىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرمەكتە. مانا بۇلار دۆلەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش، يەنە شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىش ۋە كۆپىيىشىنىڭ ئاچقۇچى. پارتىيە 13-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا مۇنۇلار كەسكىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى: «تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى، ھەتتا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەمگەكچىلەرنىڭ سۈپىتىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى ۋە كۆپلىگەن لاياقەتلىك، ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ يېتىشتۈرۈلۈپ چىقىشىغا باغلىق». بۇنىڭغا سەل قارىلىدىكەن «بىزنىڭ مەملىكىتىمىز ۋە مىللىتىمىز تېخىمۇ ئارقىدا قېلىشى مۇمكىن. دۇنيادا بىزنىڭ تېگىشلىك ئورنىمىزمۇ بولمايدۇ». بىز چوقۇم دۇنياغا يۈزلىنىپ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، تارىخىي ئېقىمىنى ئېنىق تونۇپ، نوپۇسنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشىشىمىز، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تىرىشىشىمىز شەرت.

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن. شۇنداقلا بۇ ئازسانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان نۇرغۇن يولداشلارنىڭ جىددىي تەلىپى. كۆپلىگەن مىللىي يولداشلار، بولۇپمۇ ئاياللار كۆپ پەرزەنت بېقىشنىڭ چەكسىز جاپاسىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ قىيىنچىلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. شۇڭا ئۆزلىكىدىن پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغۇچىلار كۈندىن-كۈنگە كۆپەيدى. 1944-يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، يالغۇز ئۈرۈمچى، قۇمۇل، ئىلى، كورلا، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردە، پىلانلىق تۇغۇت تەدبىرلىرىنى قوللانغان ئازسانلىق مىللەت ئاياللىرى 40% كە يەتكەن. ھەتتا بەزى ئاياللار ئۆمۈرۋايەت بىرلا پەرزەنت بېقىشقا ئۆزلىكىدىن رازى بولغان. ئەلۋەتتە، ئازسانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى يولغا قويۇشتا دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنىمۇ تولۇق مۆلچەرلەپ، خىزمەتنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە ئىشلەپ، قەدەمنى پۇختا تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

تاھىرجان مۇھەممەت تەرجىمىسى

# دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇش ھەققىدە بىر ئاز مۇلاھىزە

لىيۇ يەنخۇ

ئېلىمىز سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي يېتەرسىزلىكى، ھوقۇقنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلىشىشى، بيۇروكراتلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە فېئودالىزم تەسىرلىرىنىڭ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت. بۇ ئەھۋالغا قارىتىپ، يولداش جاۋ زىياڭ 13 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن مەزكۇر ماقالىدا مۇشۇ مەسىلىگە قارىتا يۈزەكى تونۇشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. يېتەرسىز تەرەپلىرىگە تەنقىد ۋە تۈزىتىش بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1. دېموكراتىك سىياسىي ۋە تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەممىمىزگە مەلۇم، فېئودال مۇستەبىتلىكنى ئىنكار قىلغان دېموكراتىيە — تاۋار ئىگىلىكىگە، ناتۇرال ۋە يېرىم ناتۇرال ئىگىلىكنى ئىنكار قىلىشقا ئەگىشىپ قۇرۇلغان. تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى، ناتۇرال ۋە يېرىم ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ قېپىنى بۇزۇپ تاشلاپ، جەمئىيەت ئىگىلىكىنى ئىجتىمائىيلاشقان، زامانىۋىلاشقان چوڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يولىغا سالدى. ئىقتىسادىي فورماتسىيەنىڭ تەدرىجىي ئىلگىرىلەش مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، بەزى ئىجتىمائىي فورماتسىيىلەردىن ھالقىپ ئۆتكىلى بولىدۇ، مەسىلەن: غەربىي ياۋروپا جەمئىيەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تىپىك فېئوداللىق تۈزۈمنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەي ناھايىتى تېزلا كاپىتالىزم جەمئىيىتىگە ئۆتكەن. مەملىكىتىمىز بولسا، تىپىك جەمئىيەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەي يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودال جەمئىيەتتىن كاپىتالىزم بىۋاسىتە سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۆتكەن. بىراق، ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىشى مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، ناتۇرال ئىگىلىك تاۋار ئىگىلىكى مەھسۇلات ئىگىلىكىنىڭ تەدرىجىي ئىلگىرىلەش مۇناسىۋىتىدىن ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا مۇنداق بىر كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىك بار: باشلانغۇچ جەمئىيەت ناھايىتى ئۇزۇن. باشلانغۇچ كوممۇنا تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى مۇكەممەل. شۇڭا، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆتكەن قەدىمكى زامان مۇتەپەككۇرلىرى، سىياسىئونلار ئېلىمىزنىڭ باشلانغۇچ كوممۇناسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى جەمئىيەت تۈزۈمىنى بىر قەدەر غايىۋى ئىجتىمائىي فورماتسىيە دەپ قارايدۇ. بۇ مەزگىلدىكى ئىقتىسادى تۈزۈمدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئومۇمى مۈلۈكچىلىكتە بولغان. لېكىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن، تاۋار ئىگىلىكى يوق ئىدى. سىياسى جەھەتتە بولسا ئىجتىمائى ئىش تەقسىماتى تەرەققى تاپمىغان، نوپۇسمۇ ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، بىۋاسىتە دېموكراتىيە تۈزۈمىنى قوللانغان. مەملىكىتىمىزنىڭ قۇللۇق تۈزۈم مەزگىلى ناھايىتى قىسقا بولۇپ، جەنگو دەۋرىگە كەلگەندە يىمىرىلىشكە باشلىغان. لېكىن، فېئوداللىق جەمئىيەت ناھايىتى ئۇزۇن بولغان، ھەمدە ئىنتايىن تىپىك دەرىجىگە يەتكەن. فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئاساسى ئىقتىسادى ئالاھىدىلىكى، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ناتۇرال ئىگىلىك بولۇپ، تارىختىن بۇيانقى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى «يېزا ئىگىلىككە ئەھمىيەت بېرىپ سودىنى باسىدىغان» سىياسەتنى يولغا قويۇپ، سۇنئى ھالدا تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغقان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، كاپىتالىزمنىڭ بىخلىرى نورمال تەرەققىياتقا ئېرىشەلمىگەن. شۇڭا، 17 ـ 18 ئەسىرگىچە ئەنگىلىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن سانائەت ئىنقىلابى ئېلىپ بارغان مەزگىلدە، مەملىكىتىمىز تېخى ئاتالمىش چيەنلۇڭنىڭ راسا گۈللەنگەن دەۋرىدە، يەنى ئاساسەن يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىدە تۇرىۋاتاتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغا كەلگەندە غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر بىر قاتار ھەربى تاجاۋۇزچىلىق ھەم ئۇنىڭغا ياندىشىپ بىر قاتار ئىقتىسادى تاجاۋۇزچىلىق يۈرگۈزۈش نەتىجىسىدە جۇڭگو فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ تارىخى تەرەققىياتى ئۈزۈلۈپ، غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ سىياسى ۋە ئىقتىسادى بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ مەزگىلدە، تاۋار ئىگىلىكى ئەلۋەتتە تەرەققى قىلدى. لېكىن بۇ خىل تاۋار ئىگىلىكى باشلىنىشتىلا غەربنىڭ تاۋار ئىگىلىكى بىلەن زور دەرىجىدە پەرقلىق بولدى. ئۇ ئەركىن رىقابەتلىك جەمئىيەتنىڭ تارىخى مۇھىتى ئىچىدە ئۆسۈپ چىققان بولماستىن، بەلكى بىر خىل غەيرى تەرەققىياتلىق يېرىم مۇستەملىكىلىك ئىگىلىك ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ سىياسى جەھەتتىكى تەلىپىمۇ دەل غەرب جەمئىيىتىنىڭ نورمال تەرەققىياتى بىلەن قارىمۇ ـ قارشى بولدى. بۇ خىل مۇستەملىكىلىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى سىياسى جەھەتتىكى دېموكراتىيىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايلا قالماي، ئەكسىچە جاھانگىرلىك

بىلەن فېئودالىزمنى بىرلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۈچلۈك ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقنى شەكىللەندۈردى. بۇ خىل ھالەت 1949 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغىچە داۋام قىلدى .

مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشىمۇ ئوخشاشلا تاۋار ئىگىلىكى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان شارائىتتا ئەمەلگە ئاشقان ئەمەس، شۇڭا مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىدە بىر تۇغما يېتەرسىزلىك بار. ئۇ بولسىمۇ، ئىقتىسادى فورماتسىيىنىڭ قالاقلىقى بىلەن سىياسى فورماتسىيىنىڭ ئىلغارلىقى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ ئەكس پەرق مەۋجۇت. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىز ھەر ۋاقىت بۇ زىددىيەتنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچراپ كەلدۇق. بۇ خىل ئەھۋال ئوبيېكتىپ جەھەتتە بىزدىن تاۋار ئىگىلىكىنى تەرەققى قىلدۇرۇشنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇشىمىزنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، بىز 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپلا بۇ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنىڭ تەلىپىگە سەل قاراپ تاۋار ئىگىلىكىنىڭ باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتۈشكە ئالدىراپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى قارغۇلارچە يۇقىرىلىتىپ فاڭجېن، سىياسەتلەردىكى بىر قاتار سەۋەنلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردۇق. 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمى يىغىندىن كېيىنلا بىز تەدرىجى ھالدا مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ تارىخى ئالدىنقى شەرتىنى ۋە ئەمەلىي چىقىش نۇقتىسىنى، تاۋار ئىگىلىكى باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم باسقۇچىدا تاۋار ئىگىلىكى راۋاجلانمىغانلىقتەك تۇغما يېتەرسىزلىك بولغاچقا قىسقا مۇددەت ئىچىدە تەرەققى تاپقان سوتسىيالىزمنى قۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى، بىز ھازىر يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىۋاتقانلىقىمىزنى تونۇۋالدۇق. بۇ باسقۇچتا بىزنىڭ ئەڭ تۈپكى ۋەزىپىمىزنىڭ بىرى، زور كۈچ بىلەن تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، يەنە بىرى، قۇرۇلۇش ۋە ئىقتىسادى تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان دېموكراتىك سىياسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت.

تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى پىرىنسىپى ئەركىن رىقابەت بولغاچقا، ئۇ سىياسى جەھەتتە مۇقەررەر ھالدا سىياسى باراۋەرلىكنى، سىياسى ئەركىنلىكنى ۋە سىياسى دېموكراتىيىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر بىز بۇرۇن ئۆتكۈزگەن خاتالىقىمىزنى ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن سۈرۈشتۈرسەك بىز «تاۋار ئىگىلىكى» ۋە «سىياسى دېموكراتىيە»نى كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزىگە خاس مەھسۇلى دەپ چۈشىنىپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك ئىگىلىك بىلەن سىياسىغا قارىمۇ - قارشى قويۇۋالغانلىقىمىزدا. ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ستراتېگىيىسىدىن قارىغاندا، بىز ئەزەلدىنلا پىلانچىلىقنى تەكىتلەپ بازار ئامىلىنى چەتكە قاقتۇق ۋە ئۇنىڭغا سەل قارىدۇق، ھۆكۈمەت بىۋاستە

ئىقتىسادنى باشقۇردى، نەتىجىدە قاتمال ئىقتىسادى مېخانىزىم شەكىللەندى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىز سىياسى جەھەتتە پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، مەركەزلەشكەن بىرلىكنى تەكىتلىدۇق، شۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىزىم تۈزۈمى ئاستىدىكى ھوقۇق مېخانىزمىنىڭ قۇرۇلمىسىدا تەڭپۇڭسىزلىق كېلىپ چىقتى، سىياسى دېموكراتىيە بىلەن سىياسى باراۋەرلىك كاۋاك شەكىلگە ئايلىنىپ، قانۇن تۇرغۇزۇشتا مۇستەقىل بولالمىدۇق. ئەدلىيەمۇ مۇستەقىل بولالمىدى. مەمۇرى ھوقۇق ھەددىدىن زىيادە كېڭىيىپ كەتتى. خەلقنىڭ خوجايىنلىق ئورنى ئاجىزلاپ بىيوروكراتلىق ئومۇمىي ئاپەتكە ئايلاندى، فېئودالىزمنىڭ قالدۇقلىرى قايتىدىن يامرىدى.

10 يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىز ھەقىقەتەن بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى، تاۋار ئىگىلىكىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان راۋاجلىنىش بولدى. سىياسىنىڭ دېموكراتىك پۇرىقىمۇ بارغانسېرى قويۇقلاشتى. كەڭ خەلقنىڭ كۆز قارىشىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر ئۆزگىرىش ياساپ سىياسى ئىشلارغا ئارىلىشىش ئېڭى بىلەن سىياسى قىزغىنلىقى مىسلىسىز ئۆستى. ئىقتىسادى ئىسلاھات ۋە سىياسى ئۆزگىرىشلەرنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىمۇ ناھايىتى كۈچەيدى. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، بۇ ئون يىلدىكى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ زور تەرەققىياتى بولمىسا، بىز بۈگۈن سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىنى قۇرۇش ۋەزىپىسىنى كۈن تەرتىپكە قويالمىغان بولاتتۇق. ئەگەر بىز بۇندىن كېيىنكى ئىسلاھاتنى تېزلىتىپ چوڭقۇرلاتمىساق، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللىنىش دەرىجىسىگە يەتكۈزمىسەك، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىنى ھەقىقى ئىشقا ئاشۇرالمايمىز. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تاۋار ئىگىلىكى بىلەن دېموكراتىك سىياسى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان. ئۆز ئارا چەكلەيدىغان دىئالېكتىكىلىق بىرلىك مۇناسىۋىتىدە.

زامانىۋىلاشقان خەلقارا مۇھىتتا، مەملىكىتىمىز ئىشىكنى ئېتىۋېلىپ تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرالمايدۇ، مەيلى بىز خالايلى - خالىمايلى، مەملىكىتىمىز ھامان خەلقئارا ئىقتىساتنىڭ رىقابىتىگە دۇچ كېلىدۇ. 10 - يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ تاۋار ئىگىلىكىدە، گەرچە چوڭ تەرەققىيات بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادى تۈزۈمدىكى تۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر تېخى تۈپتىن ھەل قىلىنمىدى. تاۋارلىشىش، ئىجتىمائىلىشىش، زامانىۋىلىشىشنىڭ دەرىجىسى تېخى يۇقىرى ئەمەس. ئىقتىسادى ئۈنۈمىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس. مۇشۇ خىل ھالەتتە خەلقئارا رىقابەتكە قاتنىشىش دۆلىتىمىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە پايدىلىق ئەمەس. شۇڭلاشقا، بىز بىر تەرەپتىن تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن ئىقتىسادى تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى بېكىتىشىمىز كېرەك.

يېقىندا. مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى بىلەن خەينەنداۋ ئارىلىنى ئېچىشنىڭ ئىقتىسادى ستراتېگىيەسىدە مۇشۇ ئەمەلىي ئېھتىياجنى چىقىش قىلغان. مەملىكىتىمىزنىڭ دېڭىز ياقىسى لىنىيىسى ئۇزۇن بولۇپ شىمالىدىن جەنۇبقىچە ئون نەچچە ئۆلكە ۋە رايون بار. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىيات سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى. ئاھالىسى زىچ. پەن-تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە ئەمگەك كۈچىنىڭ سۈپىتىمۇ بىر قەدەر ياخشى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى خەلقئارا مۇھىت مەملىكىتىمىزگە ناھايىتى پايدىلىق بولۇۋاتىدۇ. بىز بۇ پۇرسەتنى تامامەن تۇتالايمىز. بىز ئاۋۋال شەرقىي قىسمىمىزنىڭ ۋە شەرقىي جەنۇب دېڭىز ياقىسى رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادتىكى يۈكسىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز كېرەك. ئىقتىسادتىكى يۈكسۈلۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىز چوقۇم سىياسىي جەھەتتە يۈرۈشلەشكەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، مەملىكىتىمىزنى سىياسى دېموكراتىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. مەملىكىتىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى ۋەزىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى، تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن دېموكراتىك سىياسىنى قۇرۇشنى بىرلىكتە ماڭدۇرۇش. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر-بىرىگە باغلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. بۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ يۈكسۈلۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى قوش چاقتۇر.

## 2. دېموكراتىك سىياسى بىلەن مەدەنىيەت ئېچىۋېتىشنىڭ مۇناسىۋىتى

مەملىكىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىۋېتىشنى يۇقىرىراق تەلەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ، پەقەتلا تەكشىلىكتىكى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا ستروللۇق سىزىم بىلەن ئومۇمىي دائىرىلىك سىزىم كەمچىل. بولۇپمۇ، ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە بۇ خىل سىزىم كەمچىل. بىزدە يەنە ئاتالمىش «پۈتۈنلەي غەربلەشتۈرۈش» تىن قورقۇش روھىي ھالىتى بار. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغان ئەنئەنىلىك مەدەنىيەت روھىي ھالىتىدۇر. بۇ ھال بىزنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت دۇنياسىدا تۇرۇۋاتقان ئورنىمىزنى توغرا ئايرىشىمىزغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلماقتا.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇيان، بىز خۇاڭخې مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان شەرق مەدەنىيىتىنىڭ خارابلاشقانلىقىنى تەدرىجى تونىدۇق. ماددى مەدەنىيەت جەھەتتە بىز قالاق ئورۇنغا چۈشۈپ قالدۇق. لېكىن، روھ، ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە بىر قىسىم كىشىلەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تار مەھكەمىلىكىگە چىڭ ئېسىۋېلىپ، جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتى غەربنىڭ مەدەنىيىتىدىن ئەۋزەل دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن

مەدەنىيەت جەھەتتە غەربتىن ئۆگىنىشنى رەت قىلىدۇ. بۇ خىل كۆز قاراش ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن تارتىپ ھازىرغىچە داۋاملاشتى، ئۇ يەنىلا ناھايىتى چوڭ بازارغا ئىگە. شۇڭلاشقا ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇيانقى ئىدىيە ۋە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ جۇڭگو ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىگە بولغان تونۇش جەريانىنى ئەسلەش، بىزنىڭ يېڭى نەزەرلەرگە ئىگە بولۇشىمىزغا پايدىلىق بولۇشى ھەمدە بىزنىڭ مەدەنىيەت ئېچەۋېتىشىنىڭ جەددىيلىكىنى كۆرۈۋېلىشىمىزغا پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن.

1) ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، ۋېيىيۈەن قاتارلىق كىشىلەر «ياتلارنىڭ ئۇسۇلى بىلەن ياتلارنى ئىدارە قىلىش» دېگەن ئىدىيىۋى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ غەربنىڭ «ھەربىي پاراخوت ۋە زەمبىرەككە تايىنىپ مەنپەئەت قازىنىش» نى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. مەقسىتى غەربنىڭ ھەربىي تاجاۋۇزچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇش، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى پاراكەندىچىلىككە ئۇچراتماي قوغداشتىن ئىبارەت بولدى. كېيىنرەك ئەجنەبىيپەرەست بيۇروكراتلار يەنە جوڭگو ئىلمىنى ئاساس قىلىش، غەرب ئىلمىدىن پايدىلىنىش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە غەربنىڭ مەدەنىيىتى سىڭدۈرۈش ۋە غەرب مەدەنىيىتى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلدى. مەقسەت يەنىلا جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە چىڭ تۇرۇش ئىدى.

(2 ۋۇشۇي قانۇن ئۆزگەرتىش دەۋرىدە كاڭ يۈۋېي، لياڭ چىچاۋ قاتارلىق كىشىلەر «ئامما گەۋدە بولىدۇ، شەخسىيلەر كارغا كېلىدۇ» ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كۆپچىلىكنى بىرلىكتە سىياسىي ئىشلارغا قاتنىشىشنى، يەنى، ئاتالمىش «يېڭىلىققا كۆ-چۈش» نى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ ماھىيىتى، مۇنارخىيىلىك قانۇن تۇرغۇزۇش سىياسىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىدى. جۇڭگو بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىگە مۇئامىلە قىلىشتا، ئۇلار ئەجنەبىيپەرەست بيۇروكراتلارغا قارىغاندا بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ «ئەجدادلار قانۇنى» نىمۇ ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، تارىخنىڭ ئېقىمىغا ئۇيغۇنلىشىش لازىم. غەربنىڭ ئىلمىنى ئەۋج ئالدۇرغاندا، دېموكراتىيىنى كۈللەندۈرگەندىلا، جۇڭگو-نىڭ چىقىش يولى بولىدۇ دەپ قارىدى. ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ئۇزۇنغا بارمىدى، مۇنارخىيىلىك قانۇنچىلىق ئەمەلگە ئاشمايلا ۋۇشۇي قانۇن ئۆزگەرتىشىدىكى ئالتە قەھرىماننىڭ بېشى كېسىلدى. بۇ ھال جۇڭگو فېئودال مۇستەبىتچىلىكىنىڭ ئېزىشى ئاستىدا، جۇڭگو بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ شەرت شارائىتى يوقلۇغىنى چۈشەندۈرىدۇ.

3) ۋۇشۇي قانۇن ئۆزگەرتىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە يەنفۇ قاتارلىق كىشىلەر غەرب ئىلمىنى تارقىتىش ئۈچۈن ۋور مىقداردا تەرجىمە خىزمىتىنى ئىشلىدى. ئالايلى، «تەبىئەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى» «قانۇننىڭ روھى»، «جانلىقلارنىڭ

تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى» قاتارلىق مۇھىم كىتابلار مۇشۇ مەزگىلدە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئەسەرلەر جۇڭگولۇقلارنىڭ غەرب مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشىدە ناھايىتى مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. يەنى: جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ساھەسىدىمۇ «جانلىق مەۋجۇداتلار ئۆز ئارا رىقابەتلىشىپ تەبىئىي سۈرەتتە تاللىنىدۇ. كۈچلۈكلىرى غالىب بولۇپ، ئاجىزلىرى مەغلۇپ بولىدۇ» دېگەن كۆز قاراش مەۋجۇت دەپ قارىلغان. بۇ قاراش شۇ ۋاقىتتىكى نەزىرىيىچىلەر ۋە مۇتەپەككۇرلەر ئىچىدە غايەت زور تەسىر پەيدا قىلغان.

4) «4-ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى مەزگىلىدە چېن دۇشيۇ، خۇشى، لى داجاۋ، لۇشۈن قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر «ئىلىم - پەن» ۋە «دېموكراتىيە» دېن ئىبارەت ئىككى بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر تەنقىد قىلدى. بولۇپمۇ لۇشۈن جۇڭگونىڭ فېئوداللىق مەدەنىيىتىنى ماھىيەتتە بىر خىل «ئادەم يەيدىغان» مەدەنىيەت دەپ قاراپ «باللارنى قۇتقۇزۇۋالايلى» دەپ مۇراجەئەت قىلدى. چېن دۇشيۇ، خۇشى قاتارلىقلارمۇ كىتاب يېزىپ، غەربنىڭ سىياسىيىنى، جەمئىيەتشۇناسلىقىنى، ئىقتىسادشۇناسلىقىنى ۋە قانۇن تۈزۈمى قاتارلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك ئۆگىنىپ، فېئوداللىق ئەنئەنىنىڭ سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇپ شەخسىي ئازاتلىقنى ۋە سىياسىي ئازادلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، پەن ۋە دېموكراتىيىنى نادانلىق ھەم ئىستىبداتلىقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى تەلەپ قىلدى. يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە تۇنجى قېتىم كۈچلۈك زەربە بېرىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا مۇھىم ئىدىيىۋى ئويغۇتۇش رولىنى ئوينىدى.

تارىخ تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، مەملىكىتىمىزنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. بۇ سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئەمەلىيەت. ئەمما بىز شۇنى كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، فېئودال مەدەنىيەتنى ئۈزۈل - كېسىل يېپەن قىلىش ۋەزىپىمىز تېخى ئورۇنلىنىپ بولغىنى يوق. بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ زېمىنىدە يەنە ناھايىتى ئېغىر تارىخىي يۈك بار، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغان ئون يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىز جەمئىيىتىنىڭ ئېچىۋېتىش دەرىجىسى ھەقىقەتەن مىسلىسىز سەۋىيىگە يەتتى. لېكىن، پۈتكۈل خەلقارا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھات ۋەزىپىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ خىل ئېچىۋېتىش يەنە يېتەرسىز. بولۇپمۇ، جۇڭگو بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە، ئاز بولمىغان كىشىلەر «غول بىلەن شاخ مۇنازىرىسى» نى ھېلىمۇ داۋاملاشتۇرماقتا. بۇ، ھال بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئېڭىمىزنىڭ ناھايىتى

چوڭلۇرلىقنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لياڭچىچاۋ مۇنداق ئېيتقانىدى: خەق مېنى
زورلىسا بۇ ئانچە قورقۇنۇچلۇق ئەمەس. ئەڭ قورقۇنچىلىقى، ئۆزىنى ئۆزى قۇل
قىلىۋېلىش، ئۆزىنىڭ روھى ئۆزىنى بوغىدىغان كىشەن بولۇپ قېلىشتىن ئىبارەت.
بىكىنمىچىلىك كېسەللىكى، دەل جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى ئالا-
ھىدىلىكىنىڭ بىرى. لۇشۈن ئەپەندى بۇ خىل كېسەللىك ئۈستىدە توختالغىنىدا
ئوبرازلىق ئوخشىتىش بىلەن مۇنداق دېگەن: بۇنداق مەدەنىيەت شارائىتىدا ئادەم
بىر قاراڭغۇ ئۆينىڭ ئىچىگە سولاپ قويىغاندەك تۇرىدۇ. كىشىلەر كۈن نۇرى
كۆرەلمەيدۇ، ساپ ھاۋادا نەپەس ئالالمايدۇ، ئاخىرى ھەممىيلەن تىنچىقىپ قالىدۇ.
ناۋادا، ئەگەر بىرەر كىشى تامدىن بىر دەرىزە ئېچىشنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇ چوقۇم
قارشىلىققا ئۇچرايدۇ، چۈنكى تارىختا ئۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغان. ئەگەر يەنە
بىرەر كىشى ئۆگزىنى ئېچىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويسا، كۆپچىلىك ئاندىن تامدىن بىر
دەرىزە ئېچىشقا قوشۇلىدۇ! جۇڭگو جەمئىيىتى ئەزەلدىن مۇشۇنداق چاكىنا
لوگىكا ئارقىلىق ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە.

بىز ئىسلاھاتنى ھەقىقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىمىز دېسەك، ئىدىيە ۋە
مەدەنىيەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك ئېچىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز لازىم. بىز خۇددى
خەي مىيەنىڭ سۇ سۈمۈرگىنىدەك بارلىق مەدەنىيەتنىڭ ئەلا نەتىجىلىرىنى قوبۇل قى-
لىشىمىز لازىم، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئىچىدە بۇرژۇئازىيىنىڭ 400 - 300 يىلدىن بۇيان
بەرپا قىلغان سىياسى تەلىماتى، جەمئىيەتشۇناسلىق تەلىماتى، ئىقتىساد نەزەرىيىسى،
قانۇن، مەدەنىيەت ۋە پەن-تېخنىكىسى قاتارلىقلار بار. لېنىن بۇرۇنلا مۇنداق ئېيتقان
ئىدى: پۇرولېتارىياتنىڭ مەدەنىيىتى تارىختىكى بارلىق ئېكىسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ
كونا مەدەنىيىتىنى چەتكە قاقمايلا قالماستىن، بەلكى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بارلىق
كونا مەدەنىيەتنىڭ ئەقلىغە مۇۋاپىق جايلىرىنى، ئىلىم مېغىزىنى پىپەن قىلىش
ئاساسىدا قوبۇل قىلىدۇ. ھازىرقى زامان پەن-مەدىنىيىتى ئۇچقاندەك تېز تەرەققى
قىلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، پۈتۈن يەر شارىدا ئومۇمىيسال خاراكتېرلىق مەدەنى-
يەت تەدرىجى شەكىللەنمەكتە. كۆپ خىل مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدا، ھەر قانداق بىر
خىل مەدەنىيەت تۇرغۇن ۋە قاتمال ھالەتتە ئالغا ئىلگىرىلىمەيدۇ. ئۇ چوقۇم ئىنسا-
نىيەت مەدەنىيىتىنىڭ باشقا كۆرىشى ۋە رىقابىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. ئوخشاش
بىر مەدەنىيەت شارائىتى ئاستىدا ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ئۆز ئارا تولۇقلىشى،
ئۆز ئارا سىڭىشىشى ۋە ئۆز ئارا رىقابەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك.
رىقابەت مەدەنىيەت تاللاشنىڭ بىردىن بىر ئۆلچىمى بولۇپ قالدى. بىز بۇ ھازىر-
قى كېسەل ھالەتلىك مەدەنىيەت بىلەن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى بىلەن رىقابەتلى-

شەلمەيمىز. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، چەكلىك ئېچىۋېتىش بىلەن تامامەن بېك-
ىنىۋېلىش ھالىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا 50 قەدەم بىلەن 100 قەدەمنىڭ پەرقى بار. بۇ
ھال ئوبيېكتىپ جەھەتتە پەقەت بېكىنىۋېلىش ۋە قارىغۇلارچە چوقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىدۇ، خالاس. بۇ دەل ئىشىكنى يېڭى ئېچىۋەتكەندە، كېلىپ چىققان «چەتكە قىزى-
قىش» بىلەن «پۈتۈنلەي غەربلەشتۈرۈش» نىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئىبا-
رەت. «پۈتۈنلەي غەربلەشتۈرۈش» مەدەنىيەت جەھەتتىكى قەھەتچىلىك كېسىلىدۇر.

ھازىر، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ دولقۇنى جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى قاقماق-
تا. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ قالدۇق، ئېڭىغا يېپىشىۋېلىپ كونىلىقتا چىڭ تۇرۇشمۇ
ياكى كۆكرەك كېرىپ ئالدىغا چىقىپ ھازىرقى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ جېڭىنى
كۈتۈۋېلىش كېرەكمۇ؟ بۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كېيىنكى ئەسىرلەردە گۈللىنىشى-گۈل-
لەنمەسلىكىدىكى ئاچقۇچ. شۇنداقلا بىزنىڭ ھازىرقى مەدەنىيەت ئاساسىدا سوتسىيا-
لىستىك دېموكراتىيەچىل سىياسىنى بەرپا قىلىشنىڭ ھالقىسى.

3. ھوقۇقنى ئايرىش بىلەن تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش — سىياسى تۈزۈلمە ئىس-
لاھاتىنىڭ يادروسى.

بەزىلەر، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئۈچ چوڭ ئاساسى سىستېمىسى: ئىجتىمائىي ئىشلەپ-
چىقىرىش سىستېمىسى، جەمئىيەت باشقۇرۇش سىستېمىسى، ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش
سىستېمىسى — خۇددى ئۈچ ئېللىپس شەكلىدىكى چاققا ئوخشايدۇ. جۇڭگونىڭ زاما-
نىۋىلىشىشى بولسا، خۇددى بىر ئېللىپس شەكلىدىكى رىكشىنى ھەيدەپ 21-ئەسىرگە
قاراپ ماڭغانلىقىغا ئوخشايدۇ دېيىشىدۇ. بۇ ئوخشىتىش ناھايىتى ئوبرازلىق ھالدا
جۇڭگونىڭ رېئال ھالىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىدىن قارىغاندا، دۆلىتىمىز ماددى
ماتېرىياللارنى ئىشلەپچىقىرىشقا كۆپرەك بېرىلىپ كەتكەچكە، ئەقلىي ئۇچۇر
مەدەنىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى (مەسىلەن: پەن تېخنىكىنىڭ تەتقىقاتى ۋە
ئىشلىتىلىشى، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىقلار) ھوقۇق، ئۇچۇر
مەدەنىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى (مەسىلەن: قانۇن-تۈزۈم قۇرۇلۇشى، دېموكراتىك
سىياسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى قاتارلىقلار) تەرەققىي تاپمىغان. جەمئىيەت باشقۇرۇش
سىستېمىسىدىن قارىغاندا، دۆلىتىمىز كۆپ ھاللاردا مەمۇرى باشقۇرۇشقا بېرىلىپ
كەتتى. قانۇن تۈزۈش، ئەدلىيە جەھەتتىكى باشقۇرۇش بىلەن جەمئىيەت
نازارەت سىستېمىسىنىڭ باشقۇرۇشى ناھايىتى يېتەرلىك بولمىدى. نەتىجىدە،
قانۇن تۈزۈش، ئەدلىيە ۋە نازارەت سىستېمىلىرى ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى مۇستەقىل
يۈرگۈزەلمەيدىغان، مەمۇرى ئورگانلار كېلەڭسىز، كادىرلار ئىشلىرى قاتمۇ-قات،

بيۇروكراتلىق يامراپ كېتىشتەك ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى. ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش سىستېمىسىدىن قارىغاندا، دۆلىتىمىز كۆپ ھالدا ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كاپالەتكە ئېغىپ كەتكەن (مەسىلەن: ئاممىۋى ئوسكۇنىلەر، تازىلىق، ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىقلاردا). شۇنداق بولسىمۇ، بۇخىل كاپالەت ناھايىتى مۇكەممەل بولمىدى. كاپالەتكە ئىگە بولغۇچىنىڭ سانى ئاز بولدى. پۇقرانىڭ ئاساسىي سىياسىي ھوقۇقىنىڭ كاپالىتى بىلەن پۇقرانىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپىنىڭ كاپالەت سەۋىيىسى تېخىمۇ تۆۋەن بولدى.

پۇقرالارنىڭ ئاساسىي سىياسىي ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولالمىغانلىقتىن، ئاممىنىڭ نازارەت ھوقۇقى ئاجىزلاپ رەھبەرلىكنىڭ ھوقۇقى كۈچىيىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىزدە سىياسىي دېموكراتىيىنىڭ بىر قاتار شەكىلۋازلىق خاھىشى كېلىپ چىقتى. ئاممىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشتىن يىراقلىشىشى ۋە ئۇنىڭغا بولغان سوغۇق مۇئامىلىسى كۈنسېرى كۈچەيدى. مەدەنىيەت ـ مائارىپنىڭ ئارقىدا قېلىشى، خەلق سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ھال نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئوڭاي ھەل قىلغىلى بولمايدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى.

مىندسوجىيۇ مۇنداق ئېيتقان ئىدى: مۇتلەق ھوقۇق مۇقەررەر ھالدا مۇتلەق چىرىكلىشىش ۋە ئىستىبداتلىققا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا، مەملىكىتىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىدە ساقلانغان نۇقسانلارنى ھەل قىلىشتا چوقۇم ھوقۇق قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق ئايرىش، ھەممە ھەرخىل كۈچلەر ئارىسىدا ئۆز ـ ئارا چەكلەشنى يولغا قويۇش لازىم. ھازىر دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇ يەردىكى، مەملىكىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ھوقۇق ئايرىش ۋە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلالمىغانلىقتا. مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى تېچ، ئىتتىپاق، كۆشادە، ئىناقلىق سىياسىي كەيپىياتى، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، يەنىلا بىر خىل «ئادەم باشقۇرۇش ئاساسىدىكى ياخشى سىياسەت» ھالىتى. شۇڭا، بىز نۆۋەتتىكى بۇ خىل چوڭقۇر سىياسىي، ئىقتىسادىي ئۆزگۈرۈشنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالىي رەھبەرلىرىنىڭ ئارزۇ ئىستىكىگە باغلاپ قارىساق، ئۇ چاغدا بىز سىياسىي جەھەتتە باللىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولىمىز. پۈتۈن تارىخنىڭ ساۋىقىنى ئۇنتۇغان بولىمىز. بىز شۇنى ئېسىمىزدە تۇتىشىمىز كېرەككى، ھەر قانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ھوقۇق ئىستىبداتلىق بىلەن ئوخشاش. بىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى

بارلىق ئىسلاھاتىمىز مەيلى پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئايرىش ياكى ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش ياكى ئىجتىمائىي مەسلىھەت سۆھبەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش جەھەتلىرىدە بولسۇن ۋە ياكى ئاخبارات ئېلان قىلىش تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈشلەردە بولسۇن يەنىلا يۇقىرىقى پرىنسىپقا يۆلىنىشى كېرەك.

رەھبەرلىك قىلغۇچىلار ھوقۇقىنىڭ چوڭيىپ كېتىشى بىلەن ئاممىنىڭ ئاساسىي سىياسىي ھوقۇقىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى، بىر مەسىلىنىڭ ئىككى تەرىپى. شۇڭا بۇندىن كېيىنكى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ بىر ئاساسىي مەزمۇنى پۇقرالارنىڭ ئاساسىي سىياسىي ھوقۇقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىش، ئاممىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. سىياسىدا ئوچۇق بولۇش، بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى. تارىخىي ساۋاقلار بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، يامان ئادەملەرنىڭ ھوقۇق ئىگىللىۋېلىشىنى ۋە ھوقۇقى بارلارنىڭ يامان ئىش قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش لازىم. چۈنكى، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، رەھبەرلىك قىلغۇچى مۇتلەق دانا، مۇتلەق توغرا دەپ ھېسابلاشتا. شۇڭا، ھوقۇق ئورگانلىرىنى قۇرغان ۋاقىتتا، رەھبەرلەر ھوقۇقىنىڭ نازارەت قىلىنىشى، ۋە چەكلىنىشىگە سەل قارىلىپ قالىدۇ. رەھبەرلىك قىلغۇچى لاياقەتسىز ياكى رەھبەرلىك قىلغۇچى يامان ئىش قىلغان ئەھۋال يۈز بەرگەندە ئامما پۈتۈنلەي ھوقۇقسىز ئورۇندا تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن چوقۇم سىياسىدا ئوچۇق بولۇشى، رەھبەرلىكنىڭ بارلىق سىياسىي پائالىيەتلىرىنى ئاممىنىڭ نازارىتى ئاستىغا قويۇشى كېرەك. مۇنداق قىلغاندا: بىرىنچىدىن، رەھبەرلىك قىلغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئوبرازىنى يارىتىش، ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم ئۆز ۋەزىپىسىگە سادىق، ئەستايىدىل بولۇپ خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ. ئىككىنچىدىن، مۇھىم مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا، رەھبەرلىك قىلغۇچى چوقۇم ئۆزى تۈزۈپ چىققان لاھىيەنى ئاممىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويىدۇ، ئاممىدىن ئوزۇق ئالىدۇ. سىياسەت بەلگىلەشتىكى ئىلمىي سەۋىيىنى ئۆستۈرىدۇ. ئەكسىچە ئېيتقاندا، ئاممىنىڭمۇ سىياسەت بەلگىلەشكە قاتنىشىش جەريانى رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى سۈپىتىنى چۈشىنىش جەريانى بولۇپ، بۇ دېموكراتىك سايلامغا پايدىلىق. ئۈچىنچىدىن، سىياسىدا ئوچۇق بولۇش ئاممىنىڭ سىياسەتكە ئارىلىشىش ئاكتىپچانلىقىنى قوغدايدۇ، ئاممىنىڭ سىياسىي سۈپىتىنى ئۆستۈرىدۇ.

4. سىياسىي دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۈچ پايدىلىق ئاساسى

بىرىنچى، خەلقئارا مۇھىت بىزگە ئىنتايىن پايدىلىق. ھازىر دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى تەڭشىمەكتە. تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر تەڭشىمەكتە، كاپىتالىستىك دۆلەتلەر تەڭشىمەكتە، تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەرمۇ تەڭشىمەكتە، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرمۇ ھەم تەڭشىمەكتە. بولۇپمۇ، تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەردە بىر خىل تەخىرسىزلىك ھېسسىياتى ۋە كرىزىس ھېسسىياتى مەۋجۇت. بەزىلەر، ھازىر دۇنيادا يېڭىدىن باي ۋە كەمبەغەللىككە ئايرىلىش ئاستا-ئاستا پەيدا بولماقتا. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا يەنە بىر دۇنياۋى ئىقتىسادىي تەۋرىنىش بولغۇسى دېيىشمەكتە. ئەگەر، بىز مۇشۇ ئىقتىسادىي تەۋرىنىش كېلىشتىن بۇرۇن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى رۇسلىۋالمىساق، كرىزىس يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيمىز ئۇنداق بولمىغاندا كرىزىسنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچراپ قېلىشىمىز، يەنە دۇنيادا نامرات دۆلەتلەر قاتارىغا چۈشۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 50-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ تاھازىرغىچە ئۈچ قېتىم ئىسلاھات دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئەمما 70-يىللارنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان 3-قېتىملىق ئىسلاھات دولقۇنىنىڭ ھەيۋىسى دەھشەتلىك بولدى. ئازساندىكى دۆلەت (مەسىلەن: ئالبانىيە، كۇبا، ۋېتنام قاتارلىق) لەردىن سىرت بارلىق سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر جىددىي ئىزدىنىش ۋە ئىسلاھات يولىدا ماڭماقتا. جۇڭگو بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتنىڭ ئالدىدا كېتىپ بارماقتا. خەلقئارالىق جەمئىيەتلەر مەملىكىتىمىزنىڭ يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھاتىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلمەكتە. بەزىلەر، كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ مەركىزى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىن ئاسىيا ھەم ئۇلۇغ ئوكيان رايونلىرىغا كۆچىدۇ، دەپ مۆلچەرلىمەكتە. جۇڭگو شۈبھىسىز ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغۇسى. ھازىر بىز جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يولىنى تېپىۋالدۇق، نەزەرىيە جەھەتتىنمۇ مۇھىم ئىلگىرىلەش بولدى. جۇڭگوچە ئەندىزە دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

خەلقئارا سىياسىي ئۇزۇن مۇددەت جىددىي تىركىشىشتىن كېيىن ھازىر تەدرىجىي تىنچلىققا قاراپ يۈزلەنمەكتە. قىزىق نۇقتىلىرى گەرچە ئازبولسىمۇ، لېكىن قىسمەن رايونلاردىكى قالايمىقانچىلىق ۋە تەۋرىنىش يەنىلا ئېغىر.

چوڭ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ھەربىي ھازىرلىق رىقابىتى يەنىلا داۋاملاشماقتا. لېكىن، ئومۇمىي جەھەتتە قارىغاندا، تېنچلىق كۈچلىرى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. تىنچلىقنى تەلەپ قىلىدىغان، ئۇرۇشنى توسايدىغان دۆلەتلەر ۋە گۇرۇھلار بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادى ستراتېگىيىسىنى تەڭشەيدىغان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتە. يادرو ئۇرۇشى شارائىتىدە ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىنى يېڭىباشتىن ئويلاشقا توغرا كەلدى. دېمەك، دۇنياۋى ئۇرۇشنىڭ پارتلاش مۇمكىنلىكى ئانچە چوڭ ئەمەس. دەل مۇشۇنداق مۆلچەرلەرنى ئاساس قىلىپ، مەملىكىتىمىز ئۆزئالدىغا بىر مىليون قوشۇن قىسقارتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كۈچنى تۇپلاپ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كىرىشىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي دېموكراتىيەلىشىش سۈرئىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈردى.

ئىككىنچى، ئون يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھات ئارقىلىق مەملىكىتىمىز جەمئىيىتىدە زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى. بىزنىڭ نەتىجىلىرىمىز پۈتۈن دۇنياغا ئايان. ئىسلاھات ئارقىلىق بىز تەجرىبە توپلىدۇق. ئىشەنچىمىزنى كۈچەيتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلاھات ئارقىلىق، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى تۈزۈلمە ۋە سىياسى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى زىددىيەتلەر تولۇق ئاشكارلاندى. ئېيتايلى، ئىقتىسادى تۈزۈلمىدىن قارىغاندا، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىلار ئايرىلالماسلىقتەك نۇقسانلىرى ھەمدە ئەشۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ھەرخىل ئىقتىسادى زىددىيەتلەر بايقالدى. بۇ بىز كېيىنكى ئىسلاھاتتا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدىغان مەسىلە. بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلانغا كۆپ ئېسىلىۋېلىش، بازار مېخانىزىمى تولۇق بولماسلىق، باھا سېستىمىسى مۇۋاپىق بولماسلىق قاتارلىق زىددىيەتلەر كۈنسېرى كەسكىنلەشتى. بولۇپمۇ، باھا مەسىلىسى نۆۋەتتىكى مەملىكىتىمىز جەمئىيىتىدە ھەممە قىزىقىدىغان سۆز تېمىسى بولۇپ قالدى. نەزەرىيە جەھەتتە ئېيتقاندا، باھا سېستىمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرماي بىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرخىل نىسبەت مۇناسىۋىتىنى ھەقىقى تەڭشىيەلمەيمىز. بازار مېخانىزىمى، تاشقى سودا مېخانىزىمى ۋە مەبلەغ سېلىش مۇھىتى قاتارلىق ياخشى دەۋر سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگىلى بولمايدۇ.

ئىقتىسادى تۈزۈلمە مەسىلىسى تەبىئى ھالدا سىياسىي تۈزۈلمە مەسىلىسىگە چېتىلىدۇ. 10 يىللىق ئىسلاھات ئەمەلىيىتى بىزگە شۇنى تونۇتتىكى، سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئىسلاھاتى بولمىسا، ئىقتىسادى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەنھا يۈرۈش قىلالمايدۇ. ھوقۇقنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلىشىشتىكى نۇقسانلار، مەملىكىتىمىز ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭىپ كەتكەن.

بۇنىڭدىن كېيىن چىققان بيۇروكراتلىق مەملىكىتىمىز جەمئىيىتىگە ئاپەت كەلتۈرگەن. پارتىيە ئىستىلى مەسىلىسى، سىياسىينىڭ دېموكراتىك بولماسلىق مەسىلىسى ھوقۇق يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن تۈزۈلمە شارائىتىدا ئۆسۈپ چىققان. بۇ مەسىلىلەر ياخشى ھەل قىلىنسا، ئىقتىسادى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا بەۋاستە تۈرتكە بولىدۇ. ياخشى ھەل قىلىنمىسا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، 10 يىللىق ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتىكى ئەڭ زور نەتىجە، ئىقتىسادى ساھەدە قانچىلىك نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىدە ئەمەس، سىياسىي ساھەدە قانداق ئىلگىرىلەشلەرنىڭ بولغانلىقىدىمۇ ئەمەس، بەلكى مەملىكىتىمىز خەلقىنىڭ ئىدىيەۋى قارىشىدا قانچىلىك ئازاتلىقنىڭ بولغانلىقىدا. ئامما ۋە رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئېڭىنىڭ پېشىپ يېتىلگەنلىكىدە. ھەر قايسى ئەللەردىكى ئىسلاھاتنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىسلاھاتتا ھەل قىلىش ئەڭ قىيىن مەسىلە باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ كۆز قاراش ئېڭىنى يېڭىلاش مەسىلىسى. ئىدىيىنىڭ ئازاد بولۇشى ھەممىدىن مۇھىم. 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان، پارتىيىمىز ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئىزدەشنى ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش ئىدىيە لۇشيەنىنى يېڭىباشتىن تۇرغۇزدى. ئېلىمىز خەلقى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئېلىپ كەلگەن زور ئىلگىرىلەشلەرنى ئۆزكۆزى بىلەن كۆرۈپ، بېكىنمىچىلىك قىلغاندا مۇقەررەر ئارقىدا قالىدىغانلىقىنى، ئېچىۋەتسە ئاندىن چىقىش يولى بولىدىغانلىقىنى تونۇۋالدى. شۇڭا، ھازىر يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەردىن ئاساس قاتلام ئاممىسىغىچە ھەممە كىشىدە ئېنىق ئىسلاھات ئىدىيىسى تىكلەندى، ھەر خىل ئىقتىسادىي، سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. دەل مۇشۇنداق مەدەنىيەت ۋە روھىي ھالەت شارائىتىدا، بىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسىنى تەدرىجى ھالدا ئوتتۇرىغا قويدۇق ۋە ئۇنى شەكىللەندۈردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز ئون يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھات تەجرىبىلىرىمىزنى نەزەرىيە شەكلى بىلەن مۇقىملاشتۇردۇق. مەدەنىيەت ئېچىۋېتىش مەسىلىسىدە قاتماللىق مەۋقەسىگە بازار قالمىدى. «پۈتۈنلەي غەربلەشتۈرۈش» كۆز قارىشىمۇ ئەسلا ئىشقا ئاشمايدۇ. بۇ ھال بىزنىڭ مۇتەپەككۇرلىرىمىز، نەزەرىيىچىلىرىمىز ھەمدە رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئېچىۋېتىش مەسىلىسىدە تەدرىجى پىشىپ يېتىلىشكە قاراپ ماڭغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھازىر، پىكىر

( داۋامى 81 - بەتتە )

# سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى پۇل سىياسىتى توغرىسىدا

گۇشىيۇ

( سودا سانائەت بانكىسى لوپ ناھىيىلىك تارماق بانكىسىدىن )

دۆلىتىمىز ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرماقتا. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاجىزراق، ئىقتىسادى راۋاجلانمىغان. ئامما ئارىسىدا ئىسلاھات ۋە پۇل پاخاللىقىغا قارىتا غۇل - غۇلا كۆپ. بىرلىككە كەلگەن پىكىر يوق. ئېلان قىلىنغان ماقالىلەردىن قارىغاندا، خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر: ئىسلاھات داۋامىدا ئوتتۇرىغا چىققان مال باھاسىنىڭ ئىزچىل ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئۆسۈشىنى نورمال ھادىسە دەپ قارىغان. ئالايلى، بەزىلەر: «سانائەتلەشكەن دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي يۈكسىلىش باسقۇچىدا ئىچكى قىسىمدىكى ئىقتىسادى قۇرۇلمىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى مال باھاسىنىڭ مۇقىمسىزلىق مەزگىلىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. دۆلىتىمىزدە مال باھاسىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆسۈشىدىكى ئاساسى سەۋەبىمۇ ئەنە شۇنداق ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان» دەپ قارىماقتا. يەنە بەزىلەر: «ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە باھا ئىسلاھاتى داۋامىدا، باھانىڭ ئۆسۈشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئەمما باھانىڭ مەقسەتلىك ئۆسۈش ئامىلىدىن ساقلانغىلى بولغان تەقدىردىمۇ، لېكىن، ئىقتىسادى تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ ئامىللىرىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ» دېيىشمەكتە. بۇ دېگەنلىك، ئىقتىسادى ئىسلاھات جەريانىدا مۇقەررەر ھالدا پۇل پاخاللىشىدۇ، مال باھاسى ئۆرلەيدۇ. ئەگەر، مال باھاسى ئۆرلىمىسە، ئىقتىسادى ئىسلاھاتنى ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ، دېگەنلىكتۇر. بۇنداق مۇقام دۆلىتىمىزدە ھازىر ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسلاھاتقا ئىنتايىن پايدىسىز.

## بىرىنچى. رىئال ئەھۋالدىن پۇل پاخاللىقىغا نەزەر

كىشىلەردە مۇنداق بىر خاتا تونۇش باركى، ئۇ بولسىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىۋاتقىنىغا 9 يىل بولدى، مال باھاسىنىڭ ئۆسۈۋاتقىنىغىمۇ 9 يىل بولدى، مال

باھاسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن ئىقتىسادىي ئىسلاھات بىرلىكتە ئوتتۇرىغا چىققان، دەيدىغان كۆز قاراش ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خىل مۇقەررەرلىك بولماستىن، بەلكى سەۋەنلىك. مال باھاسىنىڭ ئۆسۈشى ئاستا بولغانلىقتىن، باشتا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىغانىدى. ئەمما، 1986 - يىلدىن 1987 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مال باھاسى ئاجايىپ دەھشەت تېز ئۆسۈشكە باشلىدى، جىنىنىڭ گېپى چىقسا ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنۈپتۇ، دېگەندەك مال باھاسى كىشىلەرنى ساراسىمىغا سېلىپ، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتقا پۈتلەكاشاڭ بولدى. مانا شۇ چاغدىلا كىشىلەرنىڭ دىققىتى قوزغالدى، بىراق چوڭ سەۋەنلىك ئالىقاچان شەكىللەنگەن. ئامال قانچە؟ دۆلەتلىك ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئېلان قىلغان ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا . 1987 - يىلى شەھەر - بازارلاردا پۈتۈن يىللىق پارچە سېتىلغان ماللارنىڭ باھاسىنىڭ ئۆسۈش سەۋىيىسى 109.1% بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە كۆكتاتلار قاتارىدا بولۇشقا تېگىشلىك گۆش ۋە تۇخۇمنىڭ باھاسى 16.5% ئۆسكەن. كۆكتاتنىڭ باھاسى 17.7% ئۆسكەن. باھانىڭ ئۆسۈش سۈرئىتىنىڭ دەھشەتلىكى جەھەتتە ئىقتىسادىي تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىنىڭ سەۋىيىسىگە يەتمىسىمۇ، ئەمما ئۇ دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن 3 - قېتىملىق، يەنى ئەڭ چوڭ پۇل پاخاللىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ئىككىنچى. تەڭشەش، قويۇۋېتىش ۋە مال باھاسىنىڭ ئۆسۈشى

1978 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە بولغان 8 يىل ئىچىدە دۆلەت مال باھاسىنى 9 قېتىم تەڭشىدى ۋە قويۇپ بەردى، مەيلى تەڭشەش بولسۇن ياكى قويۇۋېتىش بولسۇن، ئومۇمەن مال باھاسى ئۆسۈپ باردى. دەرۋەقە ئاز ساندىكى ماددىي بۇيۇملارنىڭ باھاسى چۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بازىرى كاساتلاشقان قول سائىتى، رادىئو قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا بولسىمۇ - بولمىسىمۇ بولىدىغان ئادەتتىكى بۇيۇملاردىن ئىبارەت، تەڭشەش — لەيلىتىش بولۇپ، قويۇۋېتىش — ئۆستۈرۈش بولدى . ھەر قېتىملىق باھا ئىسلاھاتىدا قوللانغان تەدبىرلەر ھامان بىر قىسىم تاۋار باھاسىنىڭ ئۆسۈشىگە سەۋەب بولدى. گەپنىڭ ئاشكارىسىنى ئېيتساق، بۇ يەردىكى تۈپ سەۋەب شۇكى، ماكرولۇق ئىقتىساتتىكى ئومۇمىي تەمىنلەش ئىقتىدارى ئومۇمىي ئېھتىياجنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى؛ شۇنداقلا، «پۇل پاخاللىقى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەشتۈرىدۇ» دەيدىغان سەپسەتىلەرمۇ بۇ يەردە ياردەمچىلىك رولنى ئوينىدى.

شۇبھىسىزكى، بۇرۇنقى مۇۋاپىق بولمىغان باھانى تەڭشەش توغرا، بەزى تاۋارلارنىڭ باھاسىنى قويۇۋېتىشمۇ زۆرۈر، مال باھاسىنى مۇقىملاش دېگەنلىك

ھەرگىزمۇ مال باھاسىنى تۆۋەنلىتىش دېگەنلىك ئەمەس. بىراق، تەڭشەش بىلەن قويۇۋېتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. پۇلنىڭ قىممىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش بولۇشى لازىم. پۇلنىڭ قىممىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىن چەتنىگەن ھالدا ئىسلاھات ئۈستىدە خالىغانچە لاپ ئېتىپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. ھەتتا، دىققەت قىلىنمىسا قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ئەكس تەسىر پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن.

«پۇل پاخاللىقى ئارقىلىق ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش» دېگەن نىمىلەر ھەرگىزمۇ يېڭى پەتىۋا ئەمەس. دۆلىتىمىزدە ئۇن نەچچە يىل ئىلگىرىلا مۇشۇ ۋەھىمە ئايلىنىپ يۈرەتتى. چەت ئەللەردىكى كېينىزىمچىلارمۇ «ئاستا خاراكتېرلىق پۇل پاخاللىقى» نى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق قانات چىقىرىپ بىر مەھەل دۇنياغا سىغماي قالغان، غەربتىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بۇ تەشەببۇسنى بەس - بەستە قوللانغانىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، كېينىزىم سەپسەتىلىرى ئەمەلىيەت جەريانىدا بەربات بولدى. بۇ دۆلەتلەر يولغا قويغان يەڭگىل پۇل پاخاللىقى سىياسىتى ئىقتىسادنىڭ چېكىنىشىنى، پۇل پاخاللىقىنىڭ بالداقمۇ - بالداق كۆتۈرۈلۈشىدىن كېلىپ چىققان «چاكىنا پۇل پاخاللىقى» نى ۋە «نۇرغۇن پۇل پاخاللىقى» نى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئەجەبا بۇ ساۋاقنى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى ئىسلاھاتىغا ئىبرەت قىلىشقا بولمامدۇ؟

## ئۈچىنچى. تاۋار ئىگىلىرى ۋە ئىستېمالچىلار

دۆلىتىمىزدە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققى تاپمىغانلىقى ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت. مەيلى تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي تاپقان ياكى تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي تاپمىغان ئەللەردە بولسۇن، تاۋار ئىگىلىرى بىلەن ئىستېمالچىلار ئۆز ئارا قارىمۇ - قارشى ھالەتتە تۇرىدۇ. ئۇلارغا مۇرەسسە قىلىشقا زادى بولمايدۇ. تاۋار ئىگىلىرى پۇلنىڭ پاخاللىشىشىنى ئالقىشلايدۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۇلار پۇلنىڭ پاخاللىشىدىن ئەنسىرەپ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە ئىستېمالچىلار پۇل پاخاللىقىدىن بەك قورقىدۇ. سوتسىيالىستىك ئەللەردە، ئەگەر ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت ۋە كارخانىلارنىڭ ھەممىسى ئومۇمى خەلق ئىگىدارچىلىقىدا بولىدىكەن، ئۇ ھالدا تاۋار دۆلەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ تەقسىم قىلىنىدۇ، تاۋار دۆلەت تەرىپىدىن ئاسانلا پىلانلىق باھا ئارقىلىق تەڭشىلىپ كونترول قىلىنىدۇ. ناۋادا، خۇسۇسلار ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلارنىڭ (شەخسىي ئىجارە ۋە شەخسىي ھۆددىگە ئالغان كارخانىلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇلسا، بۇ خىلدىكى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى ناھايىتى ئاجىز

بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار قاتتىق باشقۇرۇلمىسا، كاپىتالىزمنىڭ مەنپەتپەرەسلىك تىجارەت ئىستىلى ھەممە يەرگە ياماراپ ئاپەتكە ئايلىنىشى مۇمكىن. كاپىتالىستىك ئىدىيەسى ئېغىر بولغان كارخانىلار (تىجارەت ئىدىيىسى چىرىكلەشكەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سېتىۋېلىش ۋە سېتىپ بېرىش باھاپەرقىنى، توپ ۋە پارچە سېتىش باھا پەرقىنى ئۆز ئالدىغا ئۆستۈرۈپ، ھەددىدىن زىيادە پايدا ئالسا، مال باھاسى ئۆسمەي قالامدۇ؟ بەزىلەر ھېچ ئەيمەنمەستىن «مېنى تەكشۈرۈپ تاپالامتى، تەكشۈرۈپ تاپالمىسا، تەلىيىمنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى شۇ، ئەگەر تەكشۈرۈپ تېپىۋالسا جىنايىتىمنى ئىقرار قىلسامىلا بولدى. ئىش قىلىپ تاپاۋىتىم جەرىمانىدىن يەنىلا كۆپ بولامدۇ» دەپ جار سالماقتا. بىزگە مەلۇمكى، باھانى ئۆستۈرۈش يولى بىلەن كارخانىلارنى ئىقتىسادى ئۇنۇمگە ئىگە قىلىش ئىنتايىن قەبىھ ۋاسىتىدۇر، نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئايرىم كارخانىلار مەھسۇلاتنىڭ باھاسىنى تەڭشىمەسە ھەقىقەتەن ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتنى داۋاملاشتۇرالمايدۇ. ئەمما ئايرىم كارخانىلارنىڭ (ھەتتا كۆپ ساندىكى كارخانىلارنىڭ) ئەھۋالى ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار باشقىلارنىڭ باھا ئۆستۈرگىنىگە قاراپدورامچىلىق بىلەن باھا ئۆستۈرۈۋاتىدۇ، ناۋادا ئەھۋال مۇشۇنداق دەۋر قىلىپ مال باھاسى تەكرار ئۆستۈرۈلۈۋەرسە، ئۆسۈشنىڭ مەڭگۈ چېكى بولماي قالىدۇ. بەزىلەر ئاغزىدا ھەدەپ ۋايسىغان بولسىمۇ، پايدىسى ھەسسىلەپ قاتلانماقتا. ھەممىگە ئايانكى، ئالدى بىلەن باھا ئۆستۈرگەن كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادى ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. مەھسۇلاتنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرگەن بۇنداق كارخانىلار، بىرىنچىدىن، كونا تىجارەت يولىنى تاپقاندەك بولۇپ، زىيان تارتىش قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىدى ياكى پايدىنى ئاشۇردى؛ ئىككىنچىدىن، بۇنداق كارخانىلار يان خالتىسىنى تولدۇرۇپ، قورسىقىنى تومپايتىۋالدى، بۇنىڭدىن ئۇلار نېمە ئۈچۈن خۇشال بولمىسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن كۆپىلىگەن كىشىلەر مال باھاسىنى ئۆز - ئارا بەس - بەستە ئۆستۈرۈپ كىشىنى چۆچۈتىدىغان ھازىرقى پۇل پاخاللىقىنى پەيدا قىلدى. مال باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، خۇسۇسىي كارخانىلارغا قارىتىلغان كەڭ قويۇۋېتىش سىياسىتىدىن كېلىپ چىقتى، مال باھاسىنىڭ ھەددىدىن زىيادە تېز ئۆسۈشىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە يەككە ئىگىلىككە قارىتا باشقۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش لازىم. يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ ناھايىتى پەمى بار. ئۇلار توغرى لىنىيەلىك بىرلىشىشنى باھانە قىلىپ مونوپول گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشۇۋېلىشى مۇمكىن. ئەگەر، سەن ئۇلارنىڭ مال باھاسىنى ئۆستۈرۈشىگە يول قويمىساڭ، ئۇلار مال مەنبەسىنى ئۈزۈپ قويۇپ تۇرۇۋالىدۇ، سەن نائىلاج

ئەھۋالدا مال باھاسىنى ئۆستۈرۈشكە قوشۇلغان چاغدا، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشقا تولۇق كىرىشىدۇ-دە، نام ۋە مەنپەئەتتىن ئىبارەت قوشلاپ پايدىغا ئىگە بولىدۇ. بۇ ھالدا ئاتالمىش قىممەت قانۇنىيىتى ئارقىلىق تەڭشەش ۋە ئەركىن رىقابەت دېگەنلەرنىڭ سىماسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ.

## تۆتىنچى. دۆلىتىمىزنىڭ پۇل سىياسىتى

دۆلىتىمىزنىڭ 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى پۇل سىياسىتى ئىزچىل ھالدا «ئىقتىساتنى راۋاجلاندۇرۇش، پۇلنى مۇقىملاش» تىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىدىن چەتنىمەي مۇشۇ سىياسەت بويىچە كەڭ خەلق ئاممىسىغا، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا، بولۇپمۇ پۇل تارقاتقۇچى بانكىلارغا تەربىيە بېرىلىپ كەلدى. يۇقۇرقى پۇل سىياسىتى ئىسلاھاتقا ئۇيغۇنلىشالماي قالدىمۇ؟ مېنىڭچە، ئۇنداق بولغىنى يوق. پۇلنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئىسلاھات جەريانىدىمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى زۆرۈر. دۇنيادىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ تەجرىبىسىگە قارىغاندا، پۇل پاخاللىقى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىقتىسادى گۈللىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما يىراق كەلگۈسىگە نەزەر سالغاندا، خەلق ئۆز كىرىمىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئىستىمال ئۈچۈن سەرپ قىلىۋېتىپ، ئامانەت قويۇشقا ئۇنىمايدۇ، نەتىجىدە، ئىجتىمائىي جۇغلانما ئۆزلۈكسىز ئازىيىپ بارىدۇ. مەبلەغنىڭ يېتىشمەسلىكى ئىقتىسادى تەرەققىياتنى چەكلەيدۇ، دۆلەتمۇ ئىقتىساتنى يۈكسەلدۈرىدىغان ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچتىن مەھرۇم قالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، پۇل پاخاللىقى كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي كىرىمىنى تەبىئىي رەۋىشتە تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، جەمئىيەت تىنچ بولمايدۇ، ھايانكەشلىك، قاقتى سوقتى قىلىش ئەۋج ئالىدۇ، بۇلار جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى تۇرمۇشىغا قاتتىق تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. نۆۋەتتە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدەك رېئال ئەھۋالغا ئاساسەن، ئېلىمىزنىڭ پۇل سىياسىتى يەنىلا ئىقتىساتنىڭ ئېشىپ بېرىشى ۋە پۇلنىڭ مۇقىم بولۇشىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە تەڭ ئېتىبار بېرىشى كېرەك، مېنىڭچە جەمئىيەتنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا قارىماي بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىقتىساتنىڭ ھەددىدىن زىيادە سۈرئەتتە ئاشۇرۇلۇشىنى قوغلىشىش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس.

## بەشىنچى. نۆۋەتتىكى پۇل پاخاللىقىنى قانداق كونترول قىلىش كېرەك

ھازىر، مال باھاسىنىڭ شىددەت بىلەن تېز ئۆسۈپ بېرىشى، ئېلىمىز خەلقىنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى، بۇنىڭغا قارىتا جىددى تەدبىر قوللانمىسا بولمايدىغان

پەيت كەلدى، مېنىڭچە، بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردىن ئويلىنىشقا تېگىشلىك:

1. ئىقتىساتنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ، ئەمما، ئادەتتىن تاشقىرى يۇقۇرى سۈرئەت بىلەن ئېشىپ بېرىشمۇ ئانچە ياخشى ئەھۋال ئەمەس. بۇندىن كېيىن ئىقتىساتنى كونتورول قىلىپ، ئۇنى مۇقىم ھالدا يۇكسەلدۇرۇش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادى ئىسلاھاتى بارا بارا سۇسلىشىپ قالىدۇ.

2. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان بىر مەزگىل ئىزچىل تەشەببۇس قىلىنغان «كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىش، ھالىغا بېقىپ ئىش قىلىش» يۆنۈلۈشىنىڭ داۋلىسى ئىدى. ئالايلى، ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ مۆلـچەر خامچوتىنى تۈپتىن ياخشىلاش ئۈچۈن، كىرىم بىلەن چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا، ئازراق ئېشىنچا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، دۆلەتنىڭ ئالدىن پىلانلانغان تۈرلەرنى ئۆزگەرتىشكە، مەبلەغ يېتىشمىسە پۇل بېسىپ تارقىتىدىغان ئەھۋاللارنى تۈگىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىقتىساتنى يۇكسەلدۇرۇش كۆرسەتكۈچىنى بېكىتىشتە (مەيلى يىللىق ياكى بىر قەدەر ئۇزۇن مەزگىللىك بولسۇن، مالىيە ۋە بانكا (مەركىزى بانكا) ئورۇنـلىرىنى قاتناشتۇرۇپ بىرلىكتە دەلىللەش لازىم. مەبلەغ جەھەتتە ئىنچىكە ھىساۋات قىلىپ ئومۇمى مالىيە ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىش ـ كەلمەسلىكىگە قاراش كېرەك. مەبـلەغ ۋە ماددى ئەشيا ئوتتۇرىسىدىكى ئېغىر تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ۋاقتىنچە قىلىشقا مادار يەتمىگەن ئاساس ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىـرىنى مۇۋاپىق ھالدا كېچىكتۈرۈش لازىم.

3. ئىسلاھاتنىڭ سۈرئىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، دۆلەت ئامانەت قەرزى بىلەن بانكا ئامانەت قەرزىنىڭ ئەركىن ئوبوروتىنى ئۆز ئارا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە يول قويۇپ مەبلەغ بازىرىنى جانلاندۇرۇپ، مەبلەغ ئوبوروتىنى تېزلەشتۈرۈش ئارقىلىق بىر قىسىم مەبلەغ ۋە ماددى ئەشيالارنىڭ كامچىلىقىنى تولدۇرۇش لازىم.

4. كارخانىلارنى (بولۇپمۇ خۇسۇسىي كارخانىلارنى) نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ ئۇلارنىڭ مونپول تەشكىلات بولۇپ ئويۇشۇشىنى چەكلەش كېرەك. مونپولىيە ـــ كاپىتالىزم تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلى بولۇپ، ئۇ قىممەت قانۇنىيىتىگە قارشى تۇرىدىغان گۇرۇھ، يەنى ئۇ ھەم ئەركىن رىقابەتكە پايدىسىز ھەم قىممەتنى تەڭشەش ۋە كونتورول قىلىشقا پايدىسىز.

5. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئىدىيە يەنىلا ھەرىكەتنى بەلگىلەيدۇ. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ھەر يىلى دىگىدەك ئاساسى قۇرۇلۇشنى قىسقارتىش ئۈستىدە داۋراڭ بولغان

بولسىمۇ، ئەمما ئاساسى قۇرۇلۇش كۆلىمى ئېغىزدا قىسقارتىلدى، ئەمەلىيەتتە كېڭىيىپ باردى. سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر يەنىلا ئىنتايىن سولچىل بولغان «سوتسىيالىزمنى ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش» دېگەن سەپسەتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمەيۋاتامدۇ-قانداق؟ ئەگەر تەدبىر بەلگىلەشتە يەنىلا تېز غەلىبە قىلىش مۇددىئاسى بولىدىكەن، ئۇ ھالدا ئىقتىساتنىڭ يۈكسىلىشىلا بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلۇپ، پۇلنى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىغا سەل قارىلىدۇ، ئىسلاھاتتا ئاز-پاز پۇل پاخاللىقى بولۇش لازىم، دەپ تونۇلسا، پۇلنىڭ مۇقىملىقى تەكىتلەنسە ئىسلاھاتنىڭ پۇت قولى چۈشەپ قويۇلىدۇ دەپ قارالسا، چوقۇم ئەمەلىيەتنىڭ قاتتىق مەسخىرىسىگە قالىمىز. ئەمەلىيەت رەھىمسىز.

قىسقىسى، ئىقتىسادى ئىسلاھات بىلەن مال باھاسىنىڭ ئۆسۈشىنىڭ بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى يوق، ئىقتىسادى ئىسلاھات پۇلنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق بولۇش كېرەك، ئەگەر، بىزنىڭ مۆلچەرىمىز جايىدا، ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز مۇۋاپىق بولۇپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنىڭ قۇرۇلما تەڭپۇڭلۇقى جەھەتتە يول تاپساق، ھەمدە مۇۋاپىق قىسقارتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىدىغان بولساق، ئىقتىسادى ئىسلاھات بىلەن پۇلنىڭ مۇقىملىقىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرۇش تامامەن مۇمكىن.

مۇھەممەت ماموت تەرجىمىسى

---

بايان قىلىش ئەركىنلىكىنى، ئىلىم ئەركىنلىكىنى، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئاساسىي دېموكراتىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۆتۈش كۈچلۈك ئېقىمغا ئايلاندى، بۇ ھال بىر تەرەپتىن ئالغاندا مەملىكىتىمىزنىڭ سىياسىي دېموكراتىيە سۈرئىتىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.

ئومۇمەن قىلغاندا، 13 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا ئېيتىلغانغا ئوخشاش ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، كىشىلەرنىڭ چىن ئارزۇسى، ئۇنى كەينىگە ياندۇرۇشقا زادى بولمايدۇ.

ئايگۈل ئاۋۇت تەرجىمىسى

## 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مىللەتلەر نەزەرىيىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

جۇڭگو مىللەتلەر نەزەرىيىسى ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى، گەنسۇ ئۆلكىسى، يەنبيەن چاۋشيەن ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق تۆت ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاستلىق پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلەر بىرلەشمىلىرى تەرىپىدىن چاقىرىلغان 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مىللەتلەر نەزەرىيىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا مەملىكىتىمىزنىڭ 22 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھىرىدىن كەلگەن ھەر مىللەت نەزەرىيە مۇتەخەسسىسى، پروفېسسور، ئالىم ۋە مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان رەھبەر ۋە ئەمەلىي خىزمەتچىلەردىن بولۇپ 120 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. ئۇلار بىر يەرگە جەم بولۇپ ئېچىلىپ - يېيىلىپ پىكىر بايان قىلىشتى، ئۆز ئارا ئۆگەندى. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنى، مىللەت مەسىلىسى نەزەرىيىسى ۋە مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئەمەلىيىتى قاتارلىق بىر يۈرۈش مۇھىم نەزەرىيە خاراكتېرلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئورتاق مۇزاكىرە قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سېكرېتارى يولداش سۇڭ خەنلياڭ يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ مۇھىم سۆز قىلدى. يولداش سۇڭ خەنلياڭ شىنجاڭدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدىكى كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ياخشى ۋەزىيەت ئۈستىدە ئەتراپلىق توختالدى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا يىغىنغا تەييارلىق كۆرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش مەتتىمىن يۈسۈپ

رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي ھەيئەت ئەزا-
سى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى يولداش بادەيىنىڭ يازما سۆزى
ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، تەشۋىقات
بۆلۈم باشلىقى، شىنجاڭ پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمى-
سىنىڭ رەئىسى يولداش فېڭ داجېن يىغىننىڭ ئېچىلىش سۆزىنى سۆزلىدى. ئۇ،
مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن بارلىق ۋەكىللەرنى ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى
بىلدۈردى ۋە ئۇلارغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى يولداش تۆمۈر داۋامەت يىغىننىڭ ئېچىلىش ۋە يېپى-
لىش مۇراسىملىرىغا قاتناشتى. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا يولداش تۆمۈر
داۋامەت مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى. مەملىكىتىمىزدىكى 50 نەچچە مىللەتكە
ۋەكالىتەن 120 دىن ئوشۇق ۋەكىل بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك مىللەتلەر نەزەرىيىسى
ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇلارنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ 20
نەچچە ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەن بۇنىڭدىن
ئىنتايىن خۇشالمەن. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ قېتىمقى يىغىن شىنجاڭدىكى مىللەت-
لەر خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن زور رول ئوينىغۇسى.

يولداش تۆمۈر داۋامەت سۆزىدە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھال-
دا ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت باش فاڭجېننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە
بۇ ساھەدە قولغا كەلگەن نەتىجىلەر توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتى. يولداش
تۆمۈر داۋامەت پارتىيە 11 - قۇرۇلتاي 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بولۇپمۇ 1981 -
يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەر خىز-
مىتى جەھەتلەردە كۆرۈنگەن تەرەققىياتلارنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى؛ ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكوم پارتىيىنىڭ مىللىي مەسىلە ۋە مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى
ھەر خىل فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ ھەر قايسى مىللەتلەر-
نى بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش يولىغا باشلىدى. ھەر مىللەت خەلقى زىچ ئىتتى-
پاقلىشىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىمەكتە، ئورتاق ئالغا بېسىپ يېڭى تىپتىكى سوتسى-
يالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئورنىتىپ راۋاجلاندۇرماقتا. ئەمەلىيەت شۇنى ئىس-
پاتلىدىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشىلانسا ئىقتىساد تەرەققىي قىلىپ خەلقنىڭ تۇر-
مۇش سەۋىيىسى ئۆسىدۇ. ئەگەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا مەسىلە چىقسا، مىللەتلەر
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت جىددىيلىشىدۇ- دە، باشقا تەرەپلەرگىمۇ خەۋپ سالىدۇ. سى-

ياسىي جەھەتتىكى تۇراقلىق — ئىقتىسادنىڭ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئاچىدۇ. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقلىق ۋە سىياسىي جەھەتتە تۇراقلىق بولمىسا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى بولمايدۇ. بۇ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىكتۇر، ئۇچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىگىلىك تەرەققىي قىلسا سىياسەت تۇراقلاشسا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىمۇ ياخشىلىنىدۇ. ھازىر شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ سىناقتىن ئۆتكەن، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنداق ياكى مۇنداق مەسىلىلەر چىقىپ تۇرىدۇ. بالىلار جېدەل چىقارسا خەلق ياقتۇرمايدۇ، قوشۇلمايدۇ ۋە قوللىمايدۇ. ھەتتا ئاڭلاشنىمۇ خالىمايدۇ. بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. 1987-يىلدىن تارتىپ 6-7 يىل بولدى. ھەر يىلى 5-ئايدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پائالىيەتتېيى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. 1982-يىلى ئاپتونوم رايوندا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە بىرىنچى قېتىملىق ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتۇق. مەركەز بۇ يىغىنغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. يولداش چياۋشى مەركىزىي ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ يىغىنغا قاتناشتى ۋە مەركىزىي كومىتېتقا ۋەكالىتەن مۇھىم سۆز قىلدى. بۇ بىزگە شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مىللەتلەر خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاشقا ئىلھام بولدى. 2-قېتىملىق تەقدىرلەش يىغىنىمۇ ناھايىتى ياخشى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان ۋەكىلى بۇ يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندىن بۇرۇن ۋە كېيىن شۇنداقلا يىغىن جەريانىدا ھەر قايسى رايونلاردا مىللەتلەر نەزەرىيىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات تەربىيە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق پۈتۈن رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىنتايىن زور تەربىيە ئالدى. ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق يەنىمۇ راۋاجلىنىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بۇ بىزنىڭ ھەر قايسى ساھەدىكى ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىشەنچلىك كاپالەتتۇر.

يولداش تۆمۈر داۋامەت يەنە شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى چىڭ تۇتۇش ۋە مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلگەنلىكى ئۈستىدە توختالدى. يولداش تۆمۈر داۋامەت سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ مىللەتلەر خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشنىڭ زۆرۈرلىكىنى جىددىيلىكىنى ۋە ئۇنىڭ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىللە، مەركەزدىن ۋە ھەر قايسى

قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن كېلىپ يىغىنىمىزغا قاتناشقان يولداشلاردىن بىزگە ئوبدان تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇشنى، قىممەتلىك، ئىجابى تەكلىپلەرىنى ۋە تەنقىدى پىكىرلىرىنى بىرىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مۇھاكىمە يىغىنىغا يەنە رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇتەخەسسىس پروفېسسور، ئالىم ۋە مىللەتلەر تەربىيىسى بىلەن، ئەمەلىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى مەخسۇس خادىملاردىن 60 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى . يىغىندا گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنگەن ھالدا ئىلمى ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياڭ فارېن، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتى مىللەت نەزەرىيە فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى پروفېسسور خېي دۇن، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پروفېسسور دىڭ خەندۇ قاتارلىق 7 كىشى چوڭ يىغىندا سۆز قىلدى. مەركىزىي مىللەتلەر مۇزېيىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو مىللەتلەر نەزەرىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش مايىڭ خۇلاسە خاراكتېرلىق مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ ماركسىزمنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى ئاساسىي قاراشنى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ئاساسىي ئەمەلىيىتىنى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلدى.

يولداش مايىڭنىڭ سۆزى ۋەكىللەر تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى.

تۇرنىسا روزى تەرجىمىسى

# سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى ۋە رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى بىرلىكتە چاقىرغان «سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى ۋە رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى» 1988 - يىلى 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا ھەر مىللەت نەزەرىيە خادىملىرى، كەسىپ ئەھلىلىرى، ئالىملىرى پىروفېسسورلىرى قاتناشقاندىن سىرت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ، جانابىل، خۇاڭ باۋجاڭ، فىڭ داجېن، شۇنىڭدەك بەزى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، بىر قىسىم زاۋۇت باشلىقلىرى، جىڭلىيلار، كارخانىچىلار بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى، ئۇلار شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭ چوڭ پىلانىنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىشتى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەركىزىي مىللىي ئىشلار كومىتېتى، مەركىزىي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللىرىمۇ بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن 300 دىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇپ ئالدى. يىغىندىن بۇرۇن 10 نەچچە ئالىم بىر يەرگە توپلىنىپ ئىلمىي ماقالىلار ئۈستىدە ئەستايىدىل باھالاش ئېلىپ باردى، تاللاشتىن ئۆتكەن 140 نەچچە ماقالە يىغىندا ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسىي مەقسىتى 13 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيىنى ئازات قىلىپ كەڭ

نەزەرىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ۋە سوتسىيالىزىمنىڭ تۆۋەن، باسقۇچى نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شىنجاڭدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا كۆرۈلگەن مۇھىم نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىبارەت.

يىغىندا ۋەكىللەر سوتسىيالىزىمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۈرۈش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، شۇنىڭدەك ئىگىلىك، مىللەت، دىن، پەن - تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە قىزغىن مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

ۋەكىللەردىن بىر مۇنچىسى مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شىنجاڭ ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىيەلەيدىغان دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن بىراقلا سوتسىيالىزىمغا ئۆتكەن، شۇڭا شىنجاڭنىڭ ئاساسى ئاجىز بولۇپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بىلەن بىلەن تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلمىغان؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلما فورمۇلىسى تېخىمۇ قالاق، سانائەتلىشىش دەرىجىسى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن، مالىيە جەھەتتىن ئۆزىنى تەمىنلىشى يېتەرسىز، شەھەر بازارلىرى كىچىك، بوستانلىقلىرى ئايرىم؛ كارخانىلارنىڭ ساپاسى ۋە كارخانا باشقۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەن. ۋەكىللەر شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن قايتا تونۇشقاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسى توغرىسىدا تۆۋەندىكى يېڭى پەرەز ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1) شەرق بىلەن غەربنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ بىرلەشمە يولىدا مېڭىش، بىرلەشمە جەريانىدا شەرقنىڭ ئۇبوروت قىلىشىنى قوللاش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى زورايتىش، 2) شەرقنىڭ سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دېڭىز ياقىسىدىكى شەھەر بازارلىرىنى تاشلىۋەتمەسلىك ئاساسىدا غەربكە يۈنىلىش ستراتېگىيىلىك تەرەققىيات يولىغا قاراپ قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەش؛ 3) بايلىق مەنبىيى ئۈستۈنلىكىنى مەھسۇلات ئۈستۈنلۈكىگە ئايلاندۇرۇپ ئەلا سۈپەتلىك تاۋارنى راۋاجلاندۇرۇشنى يادرو قىلغان ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش.

مۇھاكىمە يىغىندا گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇزاكىرە قىلىش، چوڭ يىغىندا سۆزلەش ئۇسۇلى قوللىنىپ ئۆز ئارا قىزغىن پىكىر ئالماشتۇرۇلدى، ھەر كىم ئۆز پىكىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنداق قىلىپ يىغىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتتى.

13 ـ قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىدا «ئۇلۇغ ئەمەلىيەت ئۇلۇغ نەزەرىيىگە مۇھتاج» دەپ كۆرسىتىلگەن. پەقەت شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى ۋەتەننى سۆيۈش، خەلق مەنپەئىتىنى ئويلاش ۋە خەلققە پايدىلىق ھەر قانداق ئىشنى قىلىشنى ۋەزىپە دەپ بىلىدىغان ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ئىدىيىنى ئازات قىلىپ ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلىدىغان ۋە جاسارەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلەپ، يېڭى ۋەزىيەتكە يۈزلىنىپ، يېڭى ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلا بولسا، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا چوقۇم يېڭى غەلىبىلەر قولغا كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىدۇ.

جوباۋيۈي

نۇرمەھەممەت تەرجىمىسى

# سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى پۇل - مۇئامىلە نەزەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى بولۇپ ئۆتتى

شىنجاڭ شەھەر پۇل - مۇئامىلىسى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى پۇل - مۇئامىلە نەزەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى بۇ يىل 4 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسى ۋە رايونىمىزنىڭ پۇل - مۇئامىلە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە قىزغىن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك سودا - سانائەت بانكىلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلەر بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۈزۈلمە ئىسلاھات ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىنستىتۇتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 50 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر پۇل - مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يىغىن جەمئىي 27 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇپ ئالدى. يىغىن مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش تۆلەۋقان سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش ياڭفارېن، شىنجاڭ پۇل - مۇئامىلە تەتقىقات ئورنىنىڭ ئالىي ئىقتىسادچىسى يولداش جياڭ فۇچۇڭلار تەكلىپكە ئاساسەن يىغىنغا ئىلمىي دوكلات بەردى. مۇھاكىمە يىغىنى ئاساسىي نەزەرىيە بىلەن ئىشلىتىش نەزەرىيىسى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ۋە ئىشلىتىش نەزەرىيىسى ئاساس قىلىنغان يىغىن بولدى.

يېقىن مەزگىلدە، ۋەكىللەر ئۆز پىكرىنى بەھۇزۇر ئوتتۇرىغا قويدى. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا بانكىنىڭ تەڭشەش ۋە ۋاستىلىق رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت چېگرا رايونىنىڭ پۇل - مۇئامىلە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى قانداق ئېلىپ بېرىش، دۆلەت بانكىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت چېگرا رايونى ئىقتىسادى ئاساسىدىكى مۇھىم رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش؛ بانكىنىڭ كىرېدىت مەبلىغىنى تولۇق ۋە ئۈنۈملۈك ھالدا ئىشلىتىپ، ئۇنى ئاز سانلىق مىللەت چېگرا رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا قانداق خىزمەت قىلدۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت چېگرا رايونىنىڭ بانكا قۇرۇلۇشىنى قانداق مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە بانكىلارنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى كەسىپلىشىش ئىسلاھاتىدا قانداق شەكىل قوللىنىش قاتارلىق قاراتمىلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىش ئېلىپ باردى.

ۋەكىللەر مۇنداق دەپ قارىدى: سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسى دۆلىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قارىتا تونۇشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ۋە سوتسىيالىزمنى قايتا تونۇشتا زور بۆسۈش بولدى. شىنجاڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرىدۇ، رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن پۇل - مۇئامىلە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. مەبلەغنى قانداق ئىشلىتىش، مەبلەغ ئۈچۈن قانداق ياخشى مۇھىت يارىتىش نۆۋەتتە بانكىدىكى ئەڭ ھالقىلىق مەسىلىدۇر. ۋەكىللەر دۆلەتتىن خەلق ئىگىلىكى پىلانىنى ۋە سىياسەتلىرىنى تۈزگەندە، دېڭىز ياقىسىدىكى ئېچىۋېتىلگەن رايونلارغا قارىغاندا شىنجاڭغا تېخىمۇ كەڭ سىياسەت بېرىشنى، شۇنىڭدەك مەركەز بىلەن يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكى بىلەن كوللېكتىپ ۋە يەككە تىجارەتچىلەر بولۇپ كۆپ تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاشنى تەلەپ قىلىشتى.

ۋەكىللەر يەنە پۇل - مۇئامىلە تۈزۈلمىسىدە ساقلانغان مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) مەبلەغ يېتىشمەسلىك بىلەن بار پۇلنى خەجلىمەسلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ياخشى ھەل قىلىش، دۆلەتتىن شىنجاڭغا «ئالاھىدە» ئېتىبار بېرىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئايرىپ باشقۇرۇش بىلەن بۆلەكلەرگە بۆلۈپ باشقۇرۇش» نى بىرلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش كېرەك؛ (2) نۆۋەتتە جۇڭگو خەلق بانكىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆسۈم پىرسەنتىنى ئىسلاھ قىلىش، تۆۋەن ئۆسۈم پىرسەنتى، كۆپ قاتلاملىق ئۆسۈم پىرسەنتى ۋە رايون-

لار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلىق ئۆسۈم پىرسەنتى قاتارلىقلارنى يولغا قويۇش؛ ئامانەت
پۇل ئۆسۈم پىرسەنتىنى بەلگىلەش ھەمدە قولايلىق ئۆسۈم پىرسەنتى بېرىشنى ئالا-
ھىدە سىياسەت قىلىپ بەلگىلەش مەجبۇرىيىتىنى كەسپى بانكىلارغا يۈكلىمەسلىك
كېرەك. (3) خەلق بانكىسى ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت-
نى توغرى يولغا يېتەكلىشى كېرەك. رايونىمىزدىكى پۇل - مۇئامىلە ئورگانلىرىنى
ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ ئورگانلارنىڭ مۇۋاپىق ۋە كۆپ خىل
بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك؛ (4) ھۆددىگە ئېلىش مەسىلىسى يېقىندا ئەڭ قىزغىن
مۇزاكىرە قىلىنغان مەسىلە بولدى، يېقىنقى قاتناشقۇچىلار ھۆددىگە ئېلىشنى يولغا
قويۇش — نۆۋەتتە كەسپىي بانكىلار ئىچىدىكى ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى دەپ
قاراشتى. بەزى يولداشلار، قىسقا مۇددەتلىك ھەرىكەتلەر كارخانىلارنى ھۆددىگە
ئېلىشنىڭ توسالغۇسى بولالمايدۇ، ھۆددىگە ئېلىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك، دەپ
ھېسابلىدى. بەزى يولداشلار بولسا ھۆددىگە ئېلىشنىڭ مەسئۇلىيىتى مەبلەغلەرنىڭ
ئوبوروت ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە قوغلىشىشتىن ئىبارەت دەپ قارىدى. يەنە بەزى
يولداشلار ھۆددىگە ئېلىشنى ئىككى قەدەمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش لازىم. بىرىنچى
قەدەمدە مەركىزىي شۆبە بانكىسىنى ھېسابلاش ئورنى قىلىپ، مال - مۈلۈك تىجارەت
ھۆددىسىنى يولغا قويۇش. بانكا باشلىقى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش؛
ئىككىنچى قەدەمدە ناھىيىلىك شۆبە بانكىسىنى مۇستەقىل ھېسابلاش ئورنى قىلىپ،
مال - مۈلۈك تىجارەت بويىچە ھۆددىگەرلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈش
كېرەك، ھۆددىگە ئالغان بانكا بىۋاسىتە بازار رىقابىتىگە قاتنىشىشقا بولىدۇ.

يىغىن جەريانىدا ۋەكىللەرنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرى-
يىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە بولغان تونۇشى بولۇپمۇ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى
باسقۇچىدا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ شىنجاڭنىڭ شەھەر پۇل مۇئامىلىسى توغرىسىدا
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا بولغان تونۇشى تېخىمۇ ئۆستى، ۋەكىللەر مۇنداق تونۇشقا
كەلدى: نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ شەھەر پۇل - مۇئامىلە نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى
مۇزاكىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى دەسلەپكى باسقۇچتىكى ئاز سانلىق مىللەت چېگرا
رايوندىكى گەۋدىلىك رولىنىڭ جارى قىلدۇرۇلىشى، كېرىدىت مەبلىغىدىن ۋە ئاز
سانلىق مىللەت چېگرا رايوندىكى كەسپىي بانكىلىرىنىڭ ھۆددىگە ئېلىش شەكلى ۋە
ھېسابلاش ئاساسلىرىدىن تولۇق ۋە ئۈنۈملۈك ھالدا پايدىلىنىشى كېرەك.

يىغىنغا قاتناشقۇچىلار بۇ ھەقتىكى مۇھاكىمىگە بۇندىن كېيىن قاتتىق بىرلىدۈ-
رۈلىنىشنى ۋە بۇ جەھەتتە رايونىمىزدىكى كەسپداشلارنىڭ بىر نىيەت بىر مەقسەتتە
پايدىلىق مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

يىغىندا شىنجاڭ شەھەر پۇل - مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابلىمىز موللايۇپ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار سۆز قىلدى. شىنجاڭ شەھەر پۇل - "مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئالاقىلىشىش خىزمەت يىغىنىمۇ نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت بانكىسىدىن: ۋاڭ جىياڭخۇڭ

(ئايگۈل ئاۋۇت تەرجىمىسى)




٤. تۆتىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك
مىللەتلەر نەزەرىيىسى ئىلمىي مۇھاكىمە
يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدىن بىر
كۆرۈنۈش.



5. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سېكرې-
تارى يولداش سۇڭ خەنلياڭ مىللەتلەر
نەزەرىيىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ
ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىمەكتە.



6. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مۇئاۋىن
سېكرېتارى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى
يولداش تۆمۈر داۋامەت مىللەتلەر نە-
زەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلىمەكتە.